2022 نويابىر
ئومۇمي 39-سان

# ئۇيغۇرلار

# *The Uyghurs*




ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



قائىدسىز ئۇرۇش 1



پاكىتلار ۋە چۈشەنچىلەر 88




ياخشى رەھبەر ئىستراتېگىيىسى 69

2022 نويابىر                ئومۇمىي 39-سان

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئومۇمىي ژورنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمە دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.




باش مۇھەررىر:    ئۇيغۇر كۆكئارت
مۇھەررىرلەر:    ھېكمەتيار ئىبراھىم
ئۆتكۈر ئالماس

**چىقارغۇچى ئورۇن :**

ئۇيغۇر پروجېكت فوندى (UPF)

www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:

ئۇيغۇر پروجېكت فوندىغا تەۋە.

**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**

6 009800 461091 >

# مۇندەرىجە

## مىسلىسىز ئويغىنىش


پاكستالار نېمە ئۈچۈن چۈشەنچىمىزنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ؟

سېخىيلىقنىڭ مەنىسى ۋە باللارنى سېخىيلاشتۇرىدىغان تۆت خىل ئىش 84


## خىتاي تەتقىقاتى


قائىدىسىز ئۇرۇش


## ئەلقىئارا ۋەزىيەت


خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ يىگىرمىنچى قۇرۇلتىيى ۋە ئامېرىكا-خىتاي ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى

شى جىنپىڭنىڭ رەھبەرلىكىدىكى خىتاي نېمىشقا ھىندىستان ئۈچۈن ھەربىي تەھدىت ھېسابلىنىدۇ؟ 95


## كۆلىستان


سىزنى تېخىمۇ ياخشى رەھبەرگە ئايلاندۇرىدىغان سەككىز خىل ئىجتىمائىي ئاڭ ئىستراتېگىيەسى

تىرىشچانلىق، تەلەي، ۋە مۇۋەپپەقىيەت 33


## تارىخ ۋە بىز


خىتاي بىلەن رۇسىيەنىڭ رەقەملىك مۇستەبىتلىكى 51

پاكىستان 99


## مەدەنىيەتىمىزدە ئىسلام


ئىسلام ئالىملىرىدىن نەقىللەر 55


## ساغلاملىق


ئومېگا 3 ھەققىدە مۇھىم مەلۇماتلار 48


## ئۇيغۇر تەتقىقاتى



شەرقىي تۈركىستانلىق جېيمىس جويس 27

ئىككىنچى جۇمھۇرىيەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا قەتلى قىلىنىشى 75










# WAR WITHOUT RULES



# قائىدىسىز ئۇرۇش

## روبېرت سپالدىڭ



BRIGADIER GENERAL
ROBERT SPALDING
(US AIR FORCE, RETIRED)

# ئالتىنچى باب: قۇملۇق بورىنى — نادىر ھەربىي ئەسەر

(داۋامى)

## «ھاۋا ـ قۇرۇقلۇق بىر گەۋدىلەشكەن ئۇرۇش»تىنمۇ ھالقىش

**«چەكلىمىسىز ئۇرۇش» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورلىرى چياۋ لياڭ بىلەن ۋاڭ شياڭسۇي ئۆز ئەسىرىدە شۇنداق دېگەن:**

ئەمەلىي جەڭگاھ شارائىتى بىلەن كىشىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى تەسەۋۋۇرى ئارىسىدا غايەت زور پەرق مەۋجۇت. «قۇملۇق بورىنى» نەچچە ئون كۈن داۋاملاشقان، «ھاۋا»سى بار، «قۇرۇقلۇقى» يوق ئۇرۇش ئىدى. گەرچە ئەڭ ئاخىرقى پەيتلەردە «قۇملۇق خەنجىرى» (ھەربىي ھەرىكەت نامى، ت) قىنىدىن سۇغۇرۇلۇپ، قالتىس «سول يۆگىمە مۇشت» (ھەربىي ھەرىكەت نامى، ت) ئېتىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇمۇ ئاران 100 سائەتلا داۋاملاشتى ... («قۇملۇق بورىنى» داۋامىدىكى) قۇرۇقلۇق ئۇرۇشى بىرەر پارچە ئارىيە ئورۇنلىنىپلا ئوپۇل ـ توپۇل ئاياغلاشتۇرۇلغان تەگكەش مۇزىكىغا ئوخشايتتى. (ئىتالىيەلىك گېنېرال، ھاۋا ئۇرۇشى نەزەرىيەچىسى) دۇھېتنىڭ (Giulio Douhet) «ھاۋادىكى جەڭگاھ ھەل قىلغۇچ جەڭگاھ بولۇپ قالىدۇ» دېگەن سۆزى كېچىكىپ بولسىمۇ دەلىللەنگەندەك قىلاتتى. لېكىن، پارس قولتۇقى ئاسمىنىدا يۈز بەرگەن ئىشلار «ھاۋا ئارمىيەسى غەلىبە قىلىشتىكى ئاچقۇچلۇق كۈچتۇر» دەپ قارايدىغان بۇ كىشىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدىن بەكلا ھالقىپ كەتتى. مەيلى كۈۋەيت ياكى ئىراقتا بولسۇن، بارلىق ھاۋا ئۇرۇشلىرى نوقۇل ھالدا چەۋەندازسىمان دۇئېل ئارقىلىق ھاۋا بوشلۇقىنىڭ كونتروللۇقىنى تالىشىش جەريانى بولماستىن، رازۋېتكا، ئالدىن ئاگاھلاندۇرۇش، بومباردىمان قىلىش، تۇتۇشۇش، ئالاقە، ئېلېكترونلۇق ھۇجۇم، قوماندانلىق ۋە كونترول قاتارلىق بارلىق ئۇرۇش ھەرىكەتلىرى بىر گەۋدىلەشكەن ھاۋا ئۇرۇشى ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە يەنە ئالەم بوشلۇقىنى ۋە ئېلېكترونلۇق بوشلۇقىنى ئىگىلەش ۋە تالىشىش ئۇرۇنۇشلىرىمۇ بار ئىدى.

ئەمدىلىكتە «ھاۋا ـ قۇرۇقلۇق بىر گەۋدىلەشكەن ئۇرۇش» ئۇقۇمىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئامېرىكالىقلارنىڭ ۋۇجۇدىدا چىقارغىنى دۇھېتنىڭكىدىن بەكلا ئېشىپ كەتتى. لېكىن، شۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن، ئۇلار يەنە بىر قانچە يىلدىن كېيىن ئاندىن شۇنى تونۇپ يېتەلىشى مۇمكىن: بىر گەۋدىلەشكەن ئۇرۇش نەزەرىيەسىنى ئەمەلىي ئۇرۇشقا تەدبىقلىغان ھامان، ئۇنىڭ دائىرىسى قۇرۇقلۇق،

دېڭىز، ھاۋا، ئالەم بوشلۇقى، ئېلېكترون قاتارلىق ساھەلەرنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان دەرىجىدە، ئۇلار دەسلەپتە ئويلىغاندىكىدىن بەكلا كەڭ بولۇپ كېتىدۇ ... لېكىن كەلگۈسىدە ئامېرىكا قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىدىكى سەرخىللار تۇيۇقسىزلا ھوشىنى تاپقاندا، پارس قولتۇقى ئۇرۇشى ئۇلارنىڭ «ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇش» نەزەرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدىكى باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قالىدۇ.

بۇنىڭدىن سىرت، «ھاۋا ۋەزىپىسى بۇيرۇقى» (Air tasking order ـــ ھاۋا ۋەزىپىسى بۇيرۇقى (ATO) بىرلەشمە قىسىمنىڭ ھاۋا ئارمىيەسى قوماندانى (JFACC) بىرلەشمە ئۇرۇش مۇھىتىدا ھاۋا ئارمىيەسىنى كونترول قىلىدىغان بىر خىل ۋاستىدۇر. ئۇ ئامېرىكا ئۇچۇر تېكىستى فورماتىدا (USMTF) يېزىلغان چوڭ تىپتىكى ھۆججەت بولۇپ، بىر سوتكا ئىچىدە ھاۋادا ئىجرا قىلىنىدىغان ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇنىڭدا ھەربىر ۋەزىپىنىڭ ئايرىم نامى، ئايروپىلاننىڭ تىپى ۋە (ھاۋادا يېقىندىن ياردەم بېرىش ياكى ماي قاچىلاش دېگەندەك) ۋەزىپە تىپلىرى كۆرسىتىلگەن، ت) شۇنىڭدىن كېيىنكى بارلىق ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى تەشكىللىي قوماندانلىق ئۆرنىكى بىلەن تەمىنلىدى. بىر ۋاراق «بۇيرۇق» ئۆز نۆۋىتىدە ئارمىيە تۈرلىرى ئارىسىدىكى جەڭگىۋار كۈچلەرنىڭ ئەڭ نادىر رەۋىشتە گۇرۇپپىلىنىش لايىھەسى بولۇپ، دۆلەت ھالقىغان گۇرۇپپىلاشنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە مۇرەببەقىيىتى ئۇنىڭ تېخىمۇ يارقىن نۇقتىسى ئىدى. مۇشۇ نۇقتىنىڭ ئۆزىلا «ھاۋا ـ قۇرۇقلۇق بىر گەۋدىلەشكەن ئۇرۇش» نەزەرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلارنىڭ نەزەر دائىرىسىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەنىدى. يەنى ئامېرىكا ئەسكەرلىرى ئۆزلىرىمۇ تۇيماستىنلا ئۇرۇش ئىلاھىنى ئۇ ئىلگىرى پەقەتلا ئاياغ بېسىپ باقمىغان پايانسىز دالىغا باشلاپ كىرگەنىدى. (نەقىل ئاخىرلاشتى)

**بۇ ۋە كېيىنكى پاراگرافتا پولكوۋنىكلارنىڭ «ھاۋا ئۇرۇشى قۇرۇقلۇق ئۇرۇشىدىن مۇھىم ئورۇنغا ئۆتتى» دېگەن يەكۈنى چۈشەندۈرۈلگەن. بۇ دۇھېتنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى بىلەن ئوخشاش. ئەمەلىيەتتە، ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىگە نىسبەتەن ھەيران قالارلىق مۇۋەپپەقىيىتى ئامېرىكا ئارمىيەسىنىمۇ ھەيران قالدۇرغانىدى. «قۇملۇق بورىنى»دىن كېيىنكى بىر قانچە يىلدا، بىز ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ ـــ نوقۇل ھالدا بىۋاستە توقۇنۇشتىكىلا ئەمەس، بەلكى پولكوۋنىكلارنىڭ ئېيتقىنىدەك «ئالاقە، ئېلېكترونلۇق ھۇجۇم، ... ئالەم بوشلۇقى ۋە ئېلېكترونلۇق بوشلۇق»تىكى ـــ يېڭى قىممىتىنى تونۇپ يېتەلمىدۇق، ھالبۇكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى چەكلىمىسىز ئۇرۇشنىڭ ھالقىلىق ساھەلىرىدۇر. گەرچە ئامېرىكا «قۇملۇق بورىنى»دىكى ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى غەيرىيلىك دەپ قارىسىمۇ، ئەمما خىتاي بۇنى مۇھىم ساۋاق دەپ قاراپ، ئۆزلىرىنىڭ يۇقىرى ـ يېڭى تېخنىكىلىق قوشۇنىغا تەدبىقلىدى.**

## قۇرۇقلۇق ئۇرۇشىنىڭ پىرى كىم؟

**«چەكلىمىسىز ئۇرۇش» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورلىرى چياۋ لياڭ بىلەن ۋاڭ شياڭسۈي ئۆز ئەسىرىدە شۇنداق دېگەن:**

... گەرچە ئامېرىكا ئارمىيەسى تىك ئۇچار ئارقىلىق ئىراقنىڭ ماشىنىلاشقان تانكىچى قىسىملىرىنى تىرىپىرەن قىلىۋەتكەن بولسىمۇ ــ ئېيتىلىشىچە، بەسرەنىڭ جەنۇبىدا ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ يەتتىنچى كورپۇسى تەرىپىدىن قورشىۋېلىنغان (ئىراق) جۇمھۇرىيەت مۇھاپىزەتچى قىسمىنىڭ «مەدىنە» تانكا دىۋىزىيەسىنىڭ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىش ئۈچۈن تىركەشكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تۆزۈكرەك تانكا جېڭىمۇ يۈز بەرمىگەن ــ ئامېرىكالىقلار چۈشىنىكسىز تەرزدە ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى تەپەككۇر سەۋىيەسىگە قايتىپ، ئۇرۇشنىڭ يېڭى شاھىغا ئايلىنىشى كېرەك بولغان تىك ئۇچارلارنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، تانكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا قوراللارنىڭ تەرەققىيات راسخوتىنى ئاشۇرغان ئەھۋالدا تىك ئۇچارغا ئاجرىتىلغان راسخوتنى قىسقارتتى. كونىلىقتا ئېسىلىۋېلىپ، تانكىنى كەلگۈسىدىكى قۇرۇقلۇق جېڭىنىڭ ھەل قىلغۇچ قورالى سۈپىتىدە ئىشلىتىشتە چىڭ تۇردى.

ئەمەلىيەتتە، ۋيېتنام ئۇرۇش مەزگىلىدىلا، تىك ئۇچارلار ئامېرىكالىقلارنىڭ قولىدا ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلىغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئافغانىستاننىڭ تاغلىق رايونلىرىدا، ئەنگلىيەلىكلەر مالۋىناس تاقىم ئاراللىرىدا تىك ئۇچارنىڭ كارامىتىنى تەكرار نامايەن قىلدى. لېكىن، ئەينى چاغدا تىك ئۇچارنىڭ رەقىبلىرى ئاساسلىقى پارتىزانلار ۋە تانكا سەپلەنمىگەن پىيادە قىسىملار بولغاچقا، تىك ئۇچارنىڭ تانكىنىڭ «شاھ»لىق ئورنىغا جەڭ ئېلان قىلىشى تويپتوغرا يىگىرمە يىل كېچىكىپ كەتتى. پارس قولتۇقى ئۇرۇشى ئاخىرى تىك ئۇچارغا ئۆز كارامىتىنى تولۇق نامايەن قىلىدىغان پۇرسەت بەردى. بۇ قېتىم، بىرلەشمە ئارمىيەنىڭ تىك ئۇچار قىسىملىرىدىن سىرت، ئامېرىكا ئارمىيەسىلا پارس قولتۇقىغا تۆرلۈك تىك ئۇچارلاردىن 1600 نى ئورۇنلاشتۇردى. بۇنچە كۆپ تىك ئۇچارلار ئۆز ئالدىغا تىك ئۇچار گورۇپپىۋاي ئارمىيەسى قۇرۇشقا يېتىپ ئاشاتتى. لېكىن، ئەزەلدىن ئىجادىيلىق روھىنى كۆز-كۆز قىلىپ كەلگەن ئامېرىكالىقلار بۇ قېتىم ئىجادىيلىقتىن خالىي ھالدا، فرانسىيەلىكلەرنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا تانكىلارنى پىيادە ئەسكەرلەرگە تەقسىم قىلىپ بەرگىنىدەك، تىك ئۇچارلارنى ماشىنىلاشقان تانكىچى قىسىملارغا ۋە باشقا قىسىملارغا قوشۇمچە كۈچ سۈپىتىدە سەپلەپ بەردى ...

ئامېرىكالىقلار CNN ئارقىلىق «ۋەتەنپەرۋەر»، F ـ 117، «جەڭ پالتىسى» باشقۇرۇلىدىغان بومبىسى قاتارلىق جەڭگاھ چولپانلىرىنى ماختاپ كۆككە ئۇچۇرغاندا، تىك ئۇچار (پەقەت «ئاپاچى» تىپلىق تىك ئۇچارنىڭ ئانچە ـ مۇنچە ئەتىۋارلانغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا) ناھەق ھالدا سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىدى. ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى ئۇرۇشتىن كېيىن يازغان «دۆلەت مەجلىسىگە ئاخىرقى دوكلات»تىن سىرت، «قۇملۇق بورىنى»دىكى باش تۆھپىنىڭ ئالىلىقاندىق باشقا يېڭى قوراللارغا ئەمەس،

بەلكى تىك ئۇچارغا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېسىدە ساقلىغانلار تولىمۇ ئاز بولدى ... AH-64 ۋە MH-53J تىپلىق تىك ئۇچارلار «دوزاخ ئوتى» تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئارقىلىق ئالدى بىلەن ئىراقنىڭ ئاگاھلاندۇرۇش رادارىنى پاچاقلاپ، بومباردىمانچى ئايروپىلانلار توپى ئۇچۇپ ئۆتۈشكە بىخەتەر يول ئېچىپ، تىك ئۇچارلارنىڭ مۇداپىئە سېپىنى بۆسۈشتىكى تەڭداشسىز ئىقتىدارىنى نامايان قىلدى. تىك ئۇچار جەڭگاھتىكى ئەڭ جانلىق ئۇچۇش سۈپىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە زور مىقداردىكى ئەشيالارنى توشۇش، يارىدارلارنى يۆتكەش، ئىزدەش ۋە قۇتقۇزۇش، جەڭگاھنى رازۋېدكا قىلىش ۋە ئېلېكترونلۇق تىركىشىش قاتارلىق نۇرغۇن ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان ... بۇ چوقۇم شۇ قېتىملىق ئۇرۇشنىڭ قۇرۇقلۇق جېڭىدىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك تاكتىكىلىق ھەرىكەتتۇر ... توپ-توپ ئىراق ئەسكەرلىرى تىك ئۇچارلار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغان قورغانلاردىن چىقىپ، تىزلىنىپ تەسلىم بولۇشنى ئۆتۈنگەندە ۋە تىك ئۇچارنىڭ ئۇچقۇچىلىرى تەرىپىدىن غەربىي تۈزلەڭلىكتىكى ياۋا كالىنى ھەيدىگەندەك ئوخشاش قورشاۋغا ئېلىنغاندا، «جەڭنى ئاخىرىدا پەقەت پىيادە ئەسكەرلەرلا ئاياغلاشتۇرىدۇ» دېگەن قاراش ئامېرىكالىق «ئۇچار پادىچىلار» تەرىپىدىن تۈپ يىلتىزىدىن تەۋرىتىلدى. بۇ قېتىملىق تىك ئۇچار ئارقىلىق «پاقىسىمان سەكرەش» ھەرىكىتىنىڭ (پاقىسىمان سەكرەش تاكتىكىسى: ئۇرۇش قىلغۇچى قىسىملارنى تىك ئۇچار ئارقىلىق ئۇرۇش قىلىدىغان جايغا ئاپىرىپ، ئۇرۇشنىڭ مۇددىئاسى ئىشقا ئاشقاندىن كېيىن يەنە تىك ئۇچار ئارقىلىق يېڭى جەڭگاھقا توشۇيدىغان تاكتىكا، ت) دەسلەپكى مەقسىتى پەقەت ئاساسلىق ھۇجۇمغا مەسئۇل بولغان تانكا قىسىملىرىغا ھەمدەمدە بولۇش ئىدى. ئەمما تىك ئۇچارلارنىڭ كۈتۈلمىگەن مۇۋەپپەقىيىتى پىلاننى جەڭ ۋەزىيىتىدىن خېلىلا ئارقىدا قالدۇردى ... تا بۈگۈنگە قەدەر، ھەرقانداق تانكىنىڭ تىك ئۇچارنىڭ ئۇرۇش رىتىمىغا يېتىشەلەيدىغانلىقى ھېچبىر جەڭدە ئىسپاتلانغان ئەمەس.

ئەمەلىيەتتە، تانكا بىلەن تىك ئۇچار بىر-بىرىنىڭ كۈشەندىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، تانكا ھەرگىزمۇ تىك ئۇچارغا رەقىب بولالمايدۇ. AH-64 تىپلىق تىك ئۇچاردەك «تانكا قاتىللىرى»نى دېمەيلا قويايلى، ھەتتا ۋاقتى ئۆتكەن AH-1 «كۆزەينەكلىك يىلان» تىپلىق تىك ئۇچارلارمۇ پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدا يۈزلىگەن تانكىلارنى ۋەيران قىلىپ، ئۆزلىرى ھېچقانداق تالاپەتكە ئۇچرىمىغان. تىك ئۇچارلارنىڭ قۇدرەتلىك ھۇجۇم كۈچى ئالدىدا، كىممۇ يەنە «تانكىغا قارشى ئەڭ ياخشى قورال تانكىدۇر» دېگەن گەپتە چىڭ تۇرۇۋالسۇن؟

ھازىر شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، تىك ئۇچار تانكىنىڭ ھەقىقىي ھالاك قىلغۇچىسىدۇر. پارس قولتۇقىنىڭ دولقۇنلىرى ئۈستىدە يۈكسەلگەن بۇ يېڭى چولپان ئۆزىنىڭ «قۇملۇق بورىنى»دىكى شانلىق نەتىجىلىرى ئارقىلىق شاھلىق تاجىنى كىيگەن بولۇپ، ئۇنىڭ تانكىنى جەڭگاھتىن ھەيدەپ چىقىرىشى پەقەتلا ۋاقىت مەسىلىسىدۇر، خالاس. (نەقىل ئاخىرلاشتى)

**شۇنى تەكرار ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇرمەنكى، بۇ خىتاي پولكوۋنىكلىرى مەسىلىنى بەشبۇرجەكلىك بىنادىكى رەھبەرلىرىمىزدىن ئېنىقراق كۆرۈپ يەتكەنىدى. بىزنىڭ «قۇملۇق بورىنى»دىن كېيىن تانكىغا ھەددىدىن زىيادە كۆپ مەبلەغ سالغانلىقىمىز ۋە تىك ئۇچارغا سالغان مەبلىغىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكى بىزنىڭ بۇ ئۇرۇشتىكى ساۋاقلارنى سەممىي يەكۈنلىمىگەنلىكىمىزنى كۆرستىدۇ. يۇقىرى تېخنىكىلىق تىك ئۇچارلار تانكىلارغا قارشى زور ئەۋزەللىككە ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە، تانكىنىڭ كۆپ قىسىم رولىنى ئويناياليدۇ. بۇ پاكىتنى رەت قىلىش بەشبۇرجەكلىك بىنانىڭ تەرسالىقىنى، غەلىبىدىن كېيىنكى خاتالىقلار ئۈستىدە ئىزدىنىشنى خالىمىغانلىقىنى ۋە ئىستراتېگىيەنى ئۆزگەرتىش جەھەتتىكى ئومۇمىيۈزلۈك مۇتەئەسسىپلىكىنى ئەكس ئەتتۈردى. «قۇملۇق بورىنى»دىن كېيىنكى يىللاردا، بۇ ئىللەتلەر خىتاينىڭ خۇپىيانە ئۇرۇشى ئالدىدا، تېخىمۇ ئېغىر سەلبىي ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.**

**گەرچە «چەكلىمىسىز ئۇرۇش» ئاساسلىقى دۈشمەننى ئۇرۇشسىز مەغلۇب قىلىشقا ئالاقىدار بولسىمۇ، لېكىن پولكوۋنىكلار پايدىلىق ھەربىي ساۋاقلارنىمۇ يەكۈنلەپ چىققانىدى. خىتاي كومپارتىيەسى ئاخىرى تەيۋەنگە تاجاۋۇز قىلىشنى قارار قىلغاندا، مۇشۇ ساۋاقلاردىن پايدىلىنىدۇ. مەنچە ئۇلار بەشبۇرجەكلىك بىنادىكى دېڭىز ئارمىيەسى ئىستراتېگىيەچىلىرىنىڭ مۆلچەرلىگىنىدەك، زور كۆلەملىك دېڭىز فلوتلىرىنى ئەمەس، بەلكى تىك ئۇچارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھاۋا ئارمىيەسىگە بەكرەك تايىنىدۇ. ئۇشبۇ ھۇجۇم تولىمۇ تېز ۋە شىددەتلىك بولۇپ، ئىنكاس قايتۇرۇشقا ھېچقانچە ۋاقىت قالدۇرمايدۇ. خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى «قۇملۇق بورىنى»دىن يەكۈنلەپ چىققان مۇھىم ساۋاقلاردىن بىرى شۇكى، كۆڭۈل قويۇپ پىلانلانغان ۋە ياخشى ئىجرا قىلىنغان ھاۋا ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ئاساسەن مۇمكىن ئەمەس.**

## غەلىبىنىڭ ئارقىسىدىكى يەنە بىر قول

**«چەكلىمىسىز ئۇرۇش» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورلىرى چياۋ لياڭ بىلەن ۋاڭ شياڭسۈي ئۆز ئەسىرىدە شۇنداق دېگەن:**

... پۈتۈن دۇنيادىكىلەر CNN نىڭ تېلېۋىزيە خەۋىرى ئارقىلىق ئامېرىكا پرېزىدېنتى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا، ئۇرۇش باشلانغان چاغدىكى كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان پەيتلەرگە شاھىت بولدى. ئۇچۇر ھەمبەھىرلىنىشىش دەۋرىدە، پىرىزىدېنت بۇ (يەنى بەزى ئۇچۇرلارغا ئېرىشىش) جەھەتتە ئادەتتىكى پۇقرادىن كۆپرەك ئىمتىيازغا ئىگە ئەمەس. مانا بۇ زامانىۋى ئۇرۇشنىڭ ئۆتمۈشتىكى ھېچقانداق ئۇرۇشقا ئوخشىمايدىغان تەرىپىدۇر. دەل ۋاقتىدا ياكى شۇنىڭغا يېقىن ۋاقىتتا بېرىلگەن خەۋەرلەر ئۇرۇشنى ئادەتتىكى كىشىلەر تاراتقۇلاردىن بىۋاسىتە كۆرەلەيدىغان يېڭى پروگراممىغا ئايلاندۇردى-دە، شۇ سەۋەبلىك تاراتقۇمۇ جەھگاھ ئۇچۇرلىرىنى تارقىتىش بىلەنلا چەكلەنمەي، ئۇرۇشنىڭ بىۋاسىتە تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى.

دۇنيا لوڭقىسىنى تالىشىش پۇتبول مۇسابىقىسى بىلەن ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، كىشىلەرنىڭ (پارس قولتۇقى ئۇرۇشىغا ئالاقىدار مەزكۇر تاراتقۇ خەۋەرلىرىدىن) كۆرگەنلىرىنىڭ ھەممىسى ئالدى بىلەن تېلېۋىزىيە مۇخبىرلىرىنىڭ سۇبيېكتىپ نۇقتىئىنەزىرىنىڭ چەكلىمىسىگە (ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىلگەن 1300 نەپەر مۇخبىرنىڭ ھەممىسى ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى ئېلان قىلغان «پارس قولتۇقى ئۇرۇشىغا ئالاقىدار خەۋەرلەر توغرىسىدىكى تۈزىتىش نىزامى»دىن ۋاقىپلانغان بولۇپ، ھەرقىم نېمىلەرنى خەۋەر قىلىشقا بولىدىغانلىقى ۋە نېمىلەرنى خەۋەر قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى) ئۇچرىغاندىن سىرت، يەنە زەھران بىلەن رىيادتىكى بىرلەشمە ئاخبارات باشقارمىسىنىڭ مەخپىيلىك تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈشى كېرەك ئىدى. ئامېرىكا ئارمىيىسى بىلەن تاراتقۇلىرى بىردەك ھالدا ۋيېتنام ئۇرۇشىدىن ساۋاق ئالغان بولسا كېرەك، بۇ قېتىم تاراتقۇ ئاپپاراتلىرى بىلەن ئارمىيە ئوبدان چىقىشىپ ئۆتتى ...

... ئامېرىكا تاراتقۇلىرى ئىزچىل ماختىنىپ كەلگەن بىتەرەپ مەۋقەسىدىن ۋاز كېچىپ، تولۇپ-تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئىراققا قارشى لاگېرغا ئىشتىراك قىلدى. ئارمىيە بىلەن تاراتقۇ گويا بىر جۈپ ماھىر لەپەرچىلەردەك تولىمۇ ئوبدان ماسلىشىپ، بار كۈچىنى سەرپ قىلىپ، ئوخشاش جەڭ سىنارىيەسىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇندىدى. نەتىجىدە، ئەنئەنىۋى تاراتقۇلار بىلەن بىرلەشمە ئارمىيەنىڭ كۈچى بىرلىشىپ ئىراققا ھۇجۇم قىلىشتىكى بىرىكمە كۈچنى ھاسىل قىلدى. ئىراق كۇۋەيتكە تاجاۋۇز قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، تۈرلۈك تاراتقۇلاردا زور مىقداردىكى ئامېرىكا ھەربىي كۈچلىرىنىڭ توختاۋسىز رەۋىشتە سەئۇدىيغا كىرىۋاتقانلىقى خەۋەر قىلىنىپ، ئىراق ئارمىيەسىنى كۇۋەيت-سەئۇدي چېگراسىدا توختاشقا مەجبۇر قىلدى-دە، «چۆشەك» ھەرىكىتى ئۈچۈن ئاسترتتىن داغدۇغا پەيدا قىلىندى. «قۇملۇق بورىنى» باشلىنىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى، يەنە شۇ غەرب تاراتقۇلىرىنىڭ ئامېرىكا ئاۋىياماتكىسىنىڭ سۇۋەيش قانىلىدىن ئۆتكەنلىكىنى جېنىنىڭ بارىچە خەۋەر قىلىشى سادامنى بىخۇدلاشتۇرۇش رولىنى ئويناپ، ئۇنىڭ بېشىغا چوڭ بالا-قازا كەلگەنلىكىنى «ئامېرىكا جەڭگە تەييارلىنىپ بولالماپتۇ» دەپ قارىشىغا سەۋەب بولدى. يەنە شۇنىڭدەك، ئەگەر تاراتقۇلارنىڭ داۋرىڭى بولمىغان بولسا، پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدا ئىشلىتىلگەن ئاتالمىش يۇقىرى-يېڭى تېخنىكىلىق قوراللارنىڭ ھېچبىرىنىڭ كۈچ-قۇدرىتى كىشىلەرنىڭ ئويلىغىنىدەك زور ئەمەس ئىدى. پۈتكۈل ئۇرۇش جەريانىدا ئۆتكۈزۈلگەن 98 قېتىملىق ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا، كىشىلەر يۈكسەك توغرىلىقتا يېتەكلىنىدىغان بومبىنىڭ ھاۋا ئۆتۈشتۈرۈش تۆشۈكىدىن كىرىپ ئىمارەتنىڭ ئىچىدە پارتلىغان كۆرۈنۈشى ۋە «ۋەتەنپەرۋەر» (تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا)نىڭ (ئىراق ئارمىيەسى ئاتقان) «يەلتاپان»لارنى كۇكۇم-تالقان قىلىۋەتكەنلىكى قاتارلىق كىشىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدىغان كۆرۈنۈشلەرنى كۆردى. بۇلار ئىراق خەلقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەھلى جاھاننى كۈچلۈك زىلزىلىگە ئۇچراتتى، ئامېرىكا ياسىغان قورال-ياراغلارنىڭ پەۋقۇلئاددە قۇدرىتى توغرىسىدىكى ئەپسانە ۋە «ئىراق چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ، ئامېرىكا چوقۇم يېڭىدۇ» دېگەن قاراشمۇ شۇنىڭدىن بارلىققا كەلدى. روشەنكى، بۇ خىل خەۋەرلەر ئامېرىكالىقلارغا زور ياردەم قىلدى.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئامېرىكا ئارمىيەسى بىلەن غەرب تاراتقۇلىرى ئاگىلىق ياكى ئاڭسىز رەۋىشتە بىرلىشىپ يېشىلمەس تۈگۈنلەرنى بىرنى چىگدى-دە، سادامنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئىراقنى دارغا ئاستى. ئامېرىكالىقلار ئۇرۇشتىن كېيىن ئۆزگەرتىلگەن «ئۇرۇش پروگراممىسى»دا، «تاراتقۇ خەۋەرلىرىنىڭ كۈچى ئىستراتېگىيەلىك يۆنىلىشكە ۋە ھەربىي ھەرىكەتنىڭ دائىرىسىگە غايەت زور تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ» دېگەن نۇقتىنى ئالاھىدە تىلغا ئالدى ... ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇنىڭدىن كېيىنكى بارلىق ئۇرۇشلاردا، ھەربىي زەربىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسلىق ۋاستىدىن سىرت، تاراتقۇلارنىڭ كۈچى بارغانسېرى ئۇرۇشتىكى يەنە بىر قولغا ئايلىنىپ، ئۇرۇشنىڭ مۇساپىسىنى ئالغا سىلجىتىشتا ھەربىي زەربە بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە رول ئوينايدۇ.

زىيادە سۇبيېكتىپچانلىقى سەۋەبلىك رەقىبلەر ۋە بىتەرەپلەر تەرىپىدىن ئاسانلا ئىنكار قىلىنىدىغان جەڭگاھ تەشۋىقاتىغا ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، تاراتقۇلار «ئوبيېكتىپ خەۋەر» تونىنى ئەپچىللىك بىلەن كىيىۋالغانلىقى ئۈچۈن، تۇيدۇرماستىنلا مۆلچەرلىگۈسىز تەسىرلەرنى پەيدا قىلالماقتا. پارس قولتۇقىدا، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى بىرلەشمە ئارمىيە ھەربىي جەھەتتە ئىراقنى «ئىنكاس قايتۇرۇش» ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلغاندەك، كۈچلۈك غەرب تاراتقۇلىرىمۇ ئىراقنى سىياسىي جەھەتتىكى پىكىر بىلدۈرۈش ھوقۇقى، ئۆزىنى ئاقلاش ھوقۇقى، ھەتتا ھېسداشلىق قىلىنىش ۋە ياردەم بېرىلىش ھوقۇقىدىنمۇ مەھرۇم قىلدى. ئىراق تەشۋىقاتلىرىدىكى (چوڭ) بۇشنى كەچۈرگۈسىز جىنايەت ئۆتكۈزگەن «چوڭ شەيتان» دېگەن ئاجىز سادالارغا سېلىشتۇرغاندا، سادامنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ۋە ئۇرۇش تەلۋىسىلىك ئوبرازى تېخىمۇ قايىل قىلارلىق رەۋىشتە تەشۋىق قىلىندى. غايەت زور ئۇستۇنلۇككە ئىگە تاراتقۇ كۈچى بىلەن غايەت زور ئۇستۇنلۇككە ئىگە ھەربىي كۈچ بىرلىشىپ، ئىراقنى ھەم جەڭگاھتا، ھەم ئەخلاق ۋە ھەققانىيەت جەھەتتە قوش زەربىگە ئۇچرىتىپ، سادامنىڭ مەغلۇبىيىتىنى مۇقەررەرلەشتۈردى.

لېكىن، تاراتقۇلارنىڭ رولى ھەرۋاقىت قوش بىسلىق خەنجەردۇر. بۇ شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، ئۇ دۈشمەنگە شىلتىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە بىر تەرەپتىكى ئۆتكۈر بىسى خەنجەر تۇتقان كىشىگە قارىتىلغان بولىدۇ. ئۇرۇشتىن كېيىن ئاشكارىلانغان ئۇچۇرلارغا كۆرە، قۇرۇقلۇق ئۇرۇشىنىڭ 100 سائەت ئىچىدىلا ئاياغلىشىشىدا، پرېزىدېنت بۇش جەڭگاھتىكى ئاخبارات ئېلان قىلغۇچى خادىمنىڭ تېلېۋىزوردا تارقىتىلغان، ئۇرۇش ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى يەڭگىلتەك كۆز قارىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئوخشاشلا يەڭگىلتەك بىلەن قارار چىقىرىپ، «ئىستراتېگىيەلىك قاراردىن ئۇرۇشنى ئاياغلاشتۇرۇشقىچە بولغان ۋاقىتنى زور دەرىجىدە قىسقارتقان» . نەتىجىدە، ئۆلۈمى كۆزىگە كۆرۈنۈپلا قالغان سادام ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان ... تاراتقۇلارنىڭ ئۇرۇشقا بولغان تەسىرى بارغانسېرى ئومۇمىيۈزلۈك ۋە بىۋاسىتە بولماقتا. ھەتتا، دەرىجىدىن تاشقىرى بىر دۆلەتنىڭ پرېزىدېنتىنىڭ ئۇرۇش توختىتىشتەك چوڭ قارارلارنى چىقىرىشىغىمۇ بىر قېتىملىق تېلېۋىزىيە خەۋىرى زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتمەكتە. تاراتقۇلارنىڭ بۈگۈنكى جەمئىيەتتىكى ۋەزنىنىڭ قانچىلىك ئېغىرلىقىنى مۇشۇنىڭدىنلا كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مۇبالىغىسىز ھالدا شۇنداق دېيىش مۇمكىنكى، ئۇشبۇ تاجسىز شاھ (يەنى تاراتقۇ) ھەرقانداق ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشتىكى مۇھىم كۈچكە

ئايلاندى. پارس قولتۇقىدا چىققان «قۇملۇق بورىنى»دىن كېيىن، تاراتقۇلارنى ئارىلاشتۇرماستىن، نوقۇل ھەربىي كۈچ ئارقىلىقلا غەلىبە قىلغىلى بولىدىغان ئۇرۇش قالمايدۇ. (نەقىل ئاخىرلاشتى)

**تاراتقۇلارنىڭ رولى توغرىسىدىكى بۇ پاراگراف خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ چەكلىمىسىز ئۇرۇش مېتودىنى چۈشىنىشتە ئالاھىدە مۇھىم. ئامېرىكا تاراتقۇلىرىنىڭ پارس قولتۇقى ئۇرۇشى توغرىسىدىكى خەۋەرلىرى ۋېيتنام ئۇرۇشى ۋە ۋېيتنام ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دەۋردىكىگە (تەخمىنەن 1965~1990 ـ يىللىرى) پەقەتلا ئوخشىمايدۇ. بۇ 1300 نەپەر قابىلىيەتلىك جەڭگاھ مۇخبىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئامېرىكانىڭ ھەربىي نىشانى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرى توغرىسىدىكى رەسمىي باياناتلىرىنىڭ چىنلىقىغا سوئال قويۇشنىڭ ئورنىغا، «قۇملۇق بورىنى»نىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى دېگۈدەك ئىجابىي تەرزدە خەۋەر قىلدى. «چەكلىمىسىز ئۇرۇش»نىڭ ئاپتورلىرى ئامېرىكا تاراتقۇلىرىنىڭ ئوبيېكتىپلىق ۋە بىتەرەپلىك مەۋقەسىدىن قايسى دەرىجىدە ۋاز كەچكەنلىكىنى مۇبالىغىلەشتۈرۈۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۇلار ھەقىقەتەن ئۆزلىرىنىڭ ئامېرىكا ئارمىيەسى بىلەن بىر سەپتە ئىكەنلىكىنى ئېنىق ھېس قىلدۇردى. بەلكىم بۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇيان تۇنجى قېتىم شۇنداق بولغان بولۇشى مۇمكىن.**

**1991 ـ يىلى CNN نىڭ خەۋەرلىرىنى كۆرگەن ھەر قانداق ئامېرىكالىق پارس قولتۇقى ئۇرۇشىنىڭ تولىمۇ ئېنىق ۋە بىۋاستە كۆرۈنۈشلىرىنى چوقۇم ئەسلىيەلەيدۇ. بىز ھۇجۇم ئوبيېكتى يۈكسەك توغرىلىقتا نىشانلانغان بومبىلارنىڭ ئىراقنىڭ ئوق ـ دورا زاۋۇتى قاتارلىق ھەربىي نىشانلىرىنىڭ شامال ئۆتۈشۈش قۇدۇقلىرىغا چۈشكەنلىكىنى ۋە دېرىزىلىرىدىن كىرگەنلىكىنى؛ شۇنداقلا، «ۋەتەنپەرۋەر» تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ ئىراقنىڭ «يەلتاپان» تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرىنى ۋەيران قىلغانلىقىنى كۆردۇق. ئامېرىكا پۇقرالىرى يەنە ئۇرۇشقا قاتناشقان بىرلەشمە ئارمىيەنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن، شتاب باشلىقلىرى بىرلەشمە يىغىنىنىڭ رەئىسى كولىن پوۋېل (Colin Powell) بىلەن، مەركىزىي قوماندانلىق شتابىنىڭ ۋە پۈتكۈل بىرلەشمە ئارمىيەنىڭ باش قوماندانى نورمان شۋارزكوف (Norman Schwarzkopf) بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن ئالقىشلاش تەرزىدىكى زىيارەت پروگراممىلىرىنىمۇ كۆردى. بۇ ئىككى گېنېرال دۆلەت مىقياسىدا چولپانغا ئايلاندى. ھالبۇكى، شۇنىڭدىن ئون يىل ئاۋۋال بۇنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. پولكوۋنىكلارنىڭ ئېيتقىنىدەك، تاراتقۇلارنىڭ بۇ خىل ئىجابىي خەۋەرلىرى ئۇرۇشنىڭ ئامېرىكادىكى تونۇلۇش دەرىجىسىنى ئاشۇرۇپلا قالماي، ھەم ئىتتىپاقداشلىرىمىزنىڭ، ھەم ئىراقلىقلارنىڭ نەق مەيداندىكى قارارلىرىغا تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ ئامېرىكانىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى تېخىمۇ ھەل قىلغۇچ ۋە مۇقەررەر قىلىپ كۆرسەتتى.**

**خىتاي زامانىۋى تاراتقۇلارنىڭ كۈچى، بولۇپمۇ سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق دۇنيانىڭ ھەر قانداق يېرىدە تارقىتىلىدىغان سىملىق تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرى ھەققىدە مۇھىم ساۋاقلارنى يەكۈنلىدى. تاراتقۇلارنىڭ دوستانە خەۋەرلىرى ھەرقانداق ھۆكۈمەت تەشۋىقاتلىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ تەسىرچاندۇر. چۈنكى، ئۇ كىشىگە ئوبيېكتىپتەك تەسىر بېرىدۇ. خىتاي كومپارتىيەسى خىتاي پۇقرالىرىنىڭ دۆلەت تاراتقۇلىرىدا كۆرگەن ۋە**

**ئاڭلىغانلىرىنىلا تىزگىنلەش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكىلەرنىڭ ئاتالمىش ئوبيېكتىپ غەرب تاراتقۇلىرىدىن كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىغا تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈنمۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. بۇ تاراتقۇلارغا ئۇلار تاماشىبىنلىرى بىلەن ھەمبەھىرلىشىشكە مايىل بولغان قىزىقتۇرغۇچى ھېكايىلەرنى ۋە كۆرۈنۈشلەرنى بېرىش ئارقىلىق تولىمۇ مەككارلىق بىلەن تەسىر كۆرسەتكىلى بولىدۇ. ياكى خىتاي كومپارتىيەسى خەۋەر ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنى كونترول قىلىدىغان كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ زور مىقداردىكى پېيىنى سېتىۋالسىمۇ بولىدۇ. بۈگۈنكى تاراتقۇ ۋە خەۋەر ئاپپاراتلىرىنىڭ كارخانىلار تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنىشىغا ئەگىشىپ، خىتاي كومپارتىيەسى ئاسانلا زور مىقداردىكى پايغا ئىگە بولالايدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ئاساسلىق تاراتقۇلارغا تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ.**

## نۇرغۇن كەسمە يۈزى بار ئالما

**«چەكلىمىسىز ئۇرۇش» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورلىرى چياۋ لياڭ بىلەن ۋاڭ شياڭسۈي ئۆز ئەسىرىدە شۇنداق دېگەن:**

كونا دەۋرگە خاتىمە بېرىپ، يېڭى دەۋرنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچقان، ھەممىدىن بەك ئۇنىۋېرسال تېخنىكىلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە تۇنجى ئۇرۇش بولغان «قۇملۇق بورىنى» ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئەسكەرلىرىگە ئومۇمىيۈزلۈك ئىلھام بېغىشلىيالايدىغان كلاسسىك ئۇرۇشتۇر. ھەربىي مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان ھەرقانداق ئادەم نەزىرىنى بۇ ئۇرۇشنىڭ قايسىلا ساھەسىگە ئاغدۇرسا، چوقۇم ئۇنىڭدىن پايدا ياكى ساۋاققا ئېرىشەلەيدۇ. شۇ ۋەجىدىن، بىز ھەم تەجرىبە، ھەم ساۋاق جەھەتتە كۆپ خىل ئەھمىيەتكە ئىگە بۇ ئۇرۇشنى «نۇرغۇن كەسمە يۈزى بار ئالما» دەپ ئاتىدۇق. ھالبۇكى، بۇ ئالمىنىڭ كەسمە يۈزى بىز يۇقىرىدا قەيت قىلغان جەھەتلەر بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. سىزدە ئۆتكۈر تەپەككۇر پىچىقى بولسىلا، بۇ ئالمىنىڭ كۆتۈلمىگەن كەسمە يۈزلىرى ھەرۋاقىت كۆز ئالدىڭىزدا زاھىرلىنىشى مۇمكىن:

پرېزىدېنت (چوڭ) بۇش ئامېرىكا ۋە دۇنيانىڭ كۇۋەيتكە قارىتا ئەخلاقىي مەجبۇرىيىتى بارلىقى توغرىسىدا دەبدەبىلىك سۆزلەرنى قىلىۋاتقاندا، دىمىغى ئۆستۈن ئىقتىسادشۇناسلارنىڭ ھېچبىرى ئامېرىكانىڭ بۇ ئۇرۇشنىڭ چىقىمىغا قارىتا، «ھەممە تەڭ تۆلەش» پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شۇ ئارقىلىق خەلقئارالىق ئۇرۇش چىقىمىنى ئۆستىگە ئېلىشنىڭ «تەڭ ئۇرۇش قىلىپ، چىقىمنى تەڭ تۆلەش»تىن ئىبارەت يېڭى ئەندىزىسىنى يارىتىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. سىز سودىگەر بولمىغان تەقدىردىمۇ، ۋال كوچىسى ئۇسلۇبىدىكى بۇ خىل قاقۋاشلىققا قايىل بولماي تۇرالمايسىز.

پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش قانداقتۇر يېڭىچە ئۇرۇش تاكتىكىسى ئەمەس. «قۇملۇق بورىنى»نىڭ يېڭىلىقى ئۇنىڭ ئىجادىيلىقىدىدۇر. ئەينى چاغدا، بىرلەشمە ئارمىيە قوشۇنلىرى پەۋقۇلئاددە كۈچلۈك

بومبىدىن بىرنى تاشلىغاندىن كېيىن، ئايروپىلانلار ئارقىلىق تەشۋىقات ۋارىقى تارقىتىپ، نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى، شۇ قېتىملىق بومبىنىڭ تەسىرىدىن يۈرىكى بوغۇزىغا قاپلىشىپ قالغان ئىراق ئەسكەرلىرىنى «كېلەركى بومبا سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلارغا چۈشىدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرغان ۋە مۇشۇ تاكتىكىنىڭ ئۆزىلا دۈشمەننى بىرلىك قىلغان ھالدا تەشكىللەنگەن ئىراق ئارمىيەسىنى تىرىپىرەن قىلىشقا يېتىپ ئاشقانىدى. ئىراق ئارمىيەسىنىڭ بىر نەپەر دۈشمەن كوماندىرى بىرلەشمە ئارمىيەنىڭ بومباردىمانىدىن قالسىلا، پىسخولوگىيەلىك ئۇرۇشنىڭ ئىراق ئەسكەرلىرىگە ئەڭ ئېغىر زەربە بەرگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان.

مۇشۇ شەكىلدە مۇھاكىمە يۈرگۈزسەك، بۇ ئالىمنىڭ تېخىمۇ كۆپ كەسمە يۈزلىرىنى كۆرەلەيمىز. لېكىن، بۇ يۈزلەرنىڭ ھەممىسىلا ماختاشقا لايىق ئەمەس. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ كەمتۈكلۈكلىرى ۋە گۇمانلىق نۇقتىلىرى ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىغا ئوخشاشلا كۆپ. لېكىن، بىز ھەرگىز بۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭغا زەررىچە سەل قارىيالمايمىز. گەرچە بۇ ئۇرۇشنىڭ مەزمۇنى تولىمۇ رەڭدار بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى يەنىلا زامانىۋى ئۇرۇش قامۇسى دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ئەڭ كەمىدە، ئۇ بىزگە كەلگۈسى ئۇرۇش توغرىسىدىكى بارلىق تەييار جاۋابلارنى بەرگىنى يوق. لېكىن، نېمىلا دېگەن بىلەن، ئۇ زور مىقداردىكى يۇقىرى-يېڭى تېخنىكىلىق قوراللار مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن تۇنجى قېتىملىق مەركەزلىك ئىشلىتىلگەن ۋە شۇ ئارقىلىق بىر مەيدان ھەربىي ئىنقىلاب قوزغىغان تەجرىبە مەيدانى بولۇپ، بۇ نۇقتىنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ ئۇرۇش تارىخىدىكى كلاسسىكلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشىغا يېتىدۇ، شۇنداقلا تەپەككۇر بىخلىرىمىزنى يېپيېڭى پارنىكقا ئىگە قىلىدۇ. (نەقىل ئاخىرلاشتى)

**پولكوۋنىكلار ئەڭ ئاخىرىدا پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدىكى بارلىق ھەربىي، دىپلوماتىك، تېخنىكىۋى ۋە تاراتقۇ يېڭىلىقلىرىنى كەلگۈسىدىكى ئۇرۇش پىلانىغا ئايلىنىدۇ، دەپ قارىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۇلار بۇنىڭ كۆپ خىل يۈزلىنىشىنىڭ كېيىنكى نۇقتىسىدىكى ئۆزگىچە قىستۇرما ئىكەنلىكىنى، بۇ خىل يۈزلىنىشلەرنىڭ زىنھار ئوخشاش تەرزدە قايتا تىزىلماسلىقى مۇمكىن ئىكەنلىكىنى تولىمۇ ئېنىق رەۋىشتە كۆرۈپ يەتكەنىدى. دەرۋەقە، ئارىدىن ئون يىل ئۆتتۈپ، «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىن، ئامېرىكا ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇرا شەرقكە قايتقاندا، مەيلى جەڭگاھتىكى ئەۋزەللىكىمىز، ياكى تاراتقۇلارنىڭ تۇتۇمى جەھەتتە بولسۇن، نۇرغۇن ئىشلار ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى.**

**شۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن، خىتاي كومپارتىيەسى بۇ «نۇرغۇن كەسمە يۈزى بار ئالما»نى بەشبۇرجەكلىك بىنادىكىلەردىن بەكرەك ئىنچىكە تەكشۈرۈپ تەھلىل قىلىپ، كەلگۈسىدىكى خەلقئارالىق توقۇنۇشلار توغرىسىدا كۆپلىگەن توغرا چۈشەنچىلەرگە ئېرىشتى. ئۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ھوسۇلى تۆۋەندىكىدەك يەكۈنگە ئېرىشىش بولدى: «خىتاينىڭ ئامېرىكا بىلەن ھەرقانداق شەكىلدە ئەنئەنىۋى ھەربىي توقۇنۇشقا كىرىپ قېلىشىنىڭ زىنھار پايدىسى يوق، چۈنكى شۇنداق بولۇپ قالسا، خىتاي ئارمىيەسىمۇ سادام**

ھۆسەيىننىڭ قوشۇنلىرىغا ئوخشاشلا ئەلتۈكۈس ۋەيران قىلىۋېتىلىدۇ. تېخمۇ ئىلغار تىك ئۇچارلارنى، بومبىلارنى ياكى باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى ياساشقا كۆچەش بەھۇدە ئاۋارىچىلىق بولۇپ، بۇ خىتاينىڭ دۆلەت خەزىنىسىنى قۇرۇقداشتىن باشقىغا يارىمايدۇ». پولكوۋنىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇرۇش توغرىسىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشىنىڭ قىسمەن تۈرتكىسىدە، خىتاي كومپارتىيەسى ئۆز بايلىقى ۋە زېھنىنى قائىدىسىز يېڭىچە ئۇرۇشنىڭ ئىقتىسادىي، دىپلوماتىك ۋە پسىخولوگىيەلىك جەھەتلەردىكى نۇرغۇن تاكتىكىلىرىغا سەرپ قىلدى.

ئۇلارنىڭ كېيىنكى بابتا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، ئامېرىكا بۇنداق ئاقىلانە يول تۇتمىدى. ئاپتورلار ئۆزىنىڭ پارس قولتۇقى ئۇرۇش توغرىسىدىكى بۇ بايانلىرىدا ئامېرىكا ئىستراتېگىيەچىلىرىنىڭ «قوراللىق جەڭدىن خالىي ئۇرۇش» ئۇقۇمىنى نەزەرگە ئالغان بولسىمۇ، لېكىن زېھنىنى يەنىلا ئۇرۇش قوراللىرىنى كۆچەيتىشكە مەركەزلەشتۈرۈۋالغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

## يەتتىنچى باب: ئامېرىكانىڭ ئاجىزلىقى

پرېزىدېنت بايدېننىڭ ئېيتقىنىدەك، بىزنىڭ 2021 ـ يىلى يازدا ئافغانىستاندىن تۇيۇقسىز ۋە تەرتىپسىز رەۋىشتە ئەسكەر چېكىندۈرۈشىمىز زۆرۈر ئىدى. چۈنكى، بىز «يەنە بىر نەپەر ئامېرىكا ئەسكىرى»دىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايتتۇق. گەرچە ھەربىي مەسلىھەتچىلەر (ئافغانىستاندا) ئاز ساندا ئەسكەر تۇرغۇزۇشنىڭ سىناپ بېقىشقا ئەرزىيدىغان تاللاش ئىكەنلىكىنى ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن بايدېن يەنىلا ئۆزىنىڭ (تەلتۆكۈس) ئەسكەر چېكىندۈرۈش پىلانىدا چىڭ تۇردى. خىتاي تاراتقۇلىرى بىزنىڭ خارلىق ئىلكىدە چېكىنگەنلىكىمىزنى قانغۇچە مەسخىرە قىلىشۋالدى. پولكوۋنىكلار يىگىرمە يىل ئىلگىرىلا بۇنىڭ سەۋەبى ۋە نەتىجىسىنى مۆلچەرلىگەن بولۇپ، ئۇلار ئۆلگەن ئامېرىكا ئەسكەرلىرى سانىنىڭ ئامېرىكانىڭ باشقىلار تەرىپىدىن پايدىلىنىلىشى مۇمكىن بولغان توپ ئاجىزلىقى ئىكەنلىكىنى كۆرستىپ ئۆتكەنىدى.

ئىككىنچى قېتىملىق پارس قولتۇقى ئۇرۇشى پولكوۋنىكلارنىڭ كىتابى ئېلان قىلىنىپ تۆت يىلدىن كېيىن يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار مەزكۇر ئۇرۇشنىڭ ناباپ تەشكىللىنىشى ھەمدە جان ۋە مال جەھەتتىكى ئېغىر بەدەللىرىنى مۆلچەرلىيەلەيتتى. مەزكۇر ئۇرۇش بىرىنچى قېتىملىق پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدىكىگە ئوخشاشلا يۇقىرى تېخنىكىلىق قوراللارنى مەركەزلىك ئىشلىتىشتىن باشلىنىپ، قىسقا مۇددەت ئىچىدە سادام ھۈسەيىننىڭ قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلدى. ھالبۇكى، پاجىئە شۇنىڭدىن كېيىن باشلاندى. ئىراق ئارمىيەسىنىڭ ئەسەبىي قالدۇق كۈچلىرى ۋە پولكوۋنىكلارنىڭ تەبىرىدىكى «غەيرىي دۆلەت خاراكتېرلىك» ئىشتىراكچىلار (ئامېرىكا ئارمىيەسىگە قارشى) پارتىزانلىق ئۇرۇشى قوزغىدى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق مۇددىئاسى ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆلگەنلەرنىڭ سانىنى ئامېرىكا جامائەتچىلىكى قوبۇل قىلالمايدىغان دەرىجىگە يەتكۈزۈش (ۋە شۇ ئارقىلىق ئامېرىكالىقلارنى چېكىنىشكە قىستاش، ت) بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ تاكتىكىسى ئاساسەن كۆزلەنگەن مەقسەتكە يەتتى.

پولكوۋنىكلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ بابتا بايان قىلغىنىدەك، «ئەگەر ئامېرىكا يېڭى ئۇرۇش قائىدىسىنى چۈشەنگەن بولسا، ئىراقتا نۇرغۇن ئۆلۈش ـ يارىلىنىشتىن ساقلىنىپ قالالىغان بولاتتى» دەپ قارايدۇ.

پولكوۋنىكلار ئامېرىكا ھەربىي ساھەسىنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلغۇچىلار بولۇش سۈپىتى بىلەن، پارس قولتۇقى ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن مەزكۇر ئۇرۇشنى تەتقىق قىلغان ۋە بۇ جەرياندا ئامېرىكانىڭ بەزى

**مۇھىم پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقىنى بايقىغان. ئۇلار بۇ ئۇرۇشنىڭ (پەۋقۇلئاددە يۇقىرى) چىقىمدىن ھەيران بولغان ۋە «ئامېرىكا ئۆزىنىڭ ھەربىي قابىلىيىتىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن تېگىشلىك ساۋاقنى قوبۇل قىلمىغان» دەپ يەكۈن چىقارغان. پولكوۋنىكلارغا كۆرە، ئۆزلىرى تەرىپىدىن «ئۈچۈۋاتقان ئالتۇن تاغ» (يەنى تەننەرخى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى) دەپ تەسۋىرلەنگەن بومباردىمانچى ئايروپىلاننى ئاساس قىلغان بۇ «ئۇرۇش زىياپىتى» ئامېرىكانى كۆرەڭلىتىۋەتكەن ۋە ئۆز نۆۋىتىدە ئامېرىكانىڭ بەزى تۈپ ئاجىزلىقلىرىنى دۈشمەنلىرىگە كۆرسىتىپ بەرگەنىدى. شۇ ئاجىزلىقلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىقلىرىدىن بىرى «جەڭگاھتىكى ئۆلۈش-يارىلىنىشتىن قورقۇش» ئىدى.**

**شۇنى ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، بۇ ئاپتورلار ھەربىيلەردۇر ۋە بۇ كىتابنى ئەڭ ئاۋۋال ھەربىي ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن يازغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بەشبۇرجەكلىك بىنادىكى ۋە دۆلەت مەجلىسى كومىتېتىدىكى كەسكىن سىياسىي بەس-مۇنازىرىلەرگە بولغان چوڭقۇر چۈشەنچىسىنى نامايەن قىلغان، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى تەنقىدىنى تولىمۇ تەپسىلىي شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويغان. ھالبۇكى، كەمىنە بەشبۇرجەكلىك بىنادىكى بەس-مۇنازىرىگە تولغان يىغىندىمۇ مۇشۇنداق تەپسىلىي تەنقىدلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى كۆرۈشنى تولىمۇ خالايتتىم.**

## «چەكلىمىسىز ئۇرۇش»نىڭ تۈپتىنچى بابىدىن

**«چەكلىمىسىز ئۇرۇش» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورلىرى چياۋ لياڭ بىلەن ۋاڭ شياڭسۈي ئۆز ئەسىرىدە شۇنداق دېگەن:**

### ھەشەمەتچىلىك كېسىلى ۋە ئۆلۈش-يارىلىنىشتىن ساقلىنىش

ئامېرىكا ئارمىيەسى قىممەت باھالىق قوراللار زور مىقداردا ئىشلىتىلىدىغان، مەقسەتكە يېتىش ۋە ئۆلۈش-يارىلىنىشنى ئازايتىش ئۈچۈن چىقىم بىلەن ھېسابلاشمايدىغان، پەقەت زەردارلارلا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بۇنداق ئۇرۇشلارغا ماھىر. «قۇملۇق بورىنى» ئامېرىكالىقلارنىڭ ئۇرۇشتا پەۋقۇلئاددە ھەشەمەتچى ئىكەنلىكىنى، بۇ جەھەتتە «خۇمار بولۇش» دەرىجىسىگە يەتكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم كۆرسىتىپ بەردى. ھەربىرى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 25 مىليون ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدىكى ئايروپىلانلار ئارقىلىق 42 كۈن جەريانىدا جەمئىي 110 مىڭ ئايروپىلان قېتىم بومباردىمان قىلىش؛ ھەربىرىنىڭ باھاسى بىر مىليون 300 مىڭ دوللار بولغان «جەڭ پالتىسى» تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئارقىلىق

(سادامنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى) «ئەرەب سوتسىيالىستىك گۈللىنىش پارتىيەسى»نىڭ باش شتابىنى ۋەيران قىلىش؛ قىممىتى نەچچە ئون مىڭ دوللارلىق، يۈكسەك توغرىلىقتا يېتەكلىنىدىغان بومبىلار ئارقىلىق ئاكوپلارنى پارتىلىتىش ... گەرچە ئامېرىكا گېنېراللىرى 61 مىليارد دوللارلىق بۇ ئۇرۇش زىياپىتىنىڭ چىقىمىنى ئۆزلىرى تۆلىمەيدىغانلىقىنى دەسلەپتىلا بىلسىمۇ، لېكىن «ئالتۇن ئوقتا قۇش ئوۋلايدىغان» بۇ قەدەر ھەشەمەتلىك مەنزىرە ئۇلارغىمۇ چېكىدىن ئاشقاندەك تۇيۇلغانىدى. ئامېرىكانىڭ ھەربىر بومباردىمانچى ئايروپىلانى (تەننەرخىنىڭ يۇقىرىلىقى جەھەتتە) بىر ئالتۇن تاغقا ئوخشايدىغان بولۇپ، بۇ ئايروپىلانلارنىڭ تەننەرخى ئۆزلىرى زەربە بەرگەن نىشانلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭكىدىن يۇقىرى. پەقەتلا ئەرزىمەس بولۇشى مۇمكىن بولغان نىشان ئۈچۈن تونىنلىغان دوللارلارنى سورۇۋېتىشكە ئەرزىيدىغان-ئەرزىمەيدىغانلىقى كىشىنى گۇمانغا سالماي قالمايدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، 161 كۈن مابەينىدە، 520 مىڭ خادىم ۋە سەككىز مىليون توننىدىن ئارتۇق ئەشيالار ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقى ۋە ياۋروپانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئالدىنقى سەپكە كېچە-كۈندۈز تىنىم تاپماستىن يۆتكەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە نەچچە ئون يىلنىڭ ياقى ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىلمىگەن ئىسكىلاتلاردا بېسىلىپ قالغانلىقتىن كاردىن چىققان نەچچە مىڭلىغان ئاپتاپتىن ساقلاش شەپكىسى ۋە كونتېينېرلاپ رىياد پورتىدا سېسىپ كەتكەن ئامېرىكا مېۋىلىرىمۇ بار ئىدى ... پۈتۈن دۇنيادىكى ھەربىيلەرنىڭ ئارىسىدا، پەقەت ئامېرىكالىقلارلا بۇنى بىر مەيدان ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشتىكى زۆرۈر ھەشەمەتچىلىك دەپ قارىسا كېرەك.

... ھەتتا ئاۋام پالاتاسى قوراللىق قىسىم كومىتېتىدەك، دائىم پۇلنى دەپ تۆت يۇلتۇزلۇق گېنېراللار بىلەن دەتالاش قىلىشىدىغان ئاپپاراتمۇ بۇ ئۇرۇشنىڭ كىشىنى چۆچۈتكۈدەك يۇقىرى چىقىمى ھەققىدە غىڭ-پىڭ قىلمىدى. ئۇلارنىڭ پارس قولتۇقى ئۇرۇشىغا ئالاقىدار ئايرىم-ئايرىم دوكلاتلىرىدا، خۇددى دېيىشىۋالغاندەكلا يۇقىرى تېخنىكىلىق قوراللارنىڭ ھەل قىلغۇچ رولىغا پەۋقۇلئاددە يۇقىرى باھا بېرىلدى. دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى چېنىي (Cheney) بۇ ھەقتە: «بىز قورال تېخنىكىسى جەھەتتە (باشقىلاردىن) تولۇق بىر ئەۋلاد ئالدىدا مېڭىۋاتىمىز» دېسە، پارلامېنت ئەزاسى ئاسپېن (Aspen): «يۇقىرى تېخنىكىلىق قوراللارنىڭ ئىپادىسىنىڭ ياخشىلىقى بىزنىڭ ئەڭ ئۈمىدۋار مۆلچەرىمىزدىنمۇ ئېشىپ كەتتى» دەپ ئىنكاس قايتۇردى ... شۇنى بىلىش كېرەككى، بۇ (يەنى ئامېرىكالىقلار) ئەزەلدىن غەلىبە ئۈچۈن جان پىدا قىلىشنى خالىمايدىغان، لېكىن بارلىق ماددىي ئىمكانىيەتلەرنى پىدا قىلىشقا رازى بولىدىغان مىللەتتۇر. يۇقىرى تېخنىكىلىق قوراللارنىڭ مەيدانغا كېلىشى دەل ئامېرىكالىقلارنىڭ مۇشۇ خىل ئىستىكىنى قاندۇردى. پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدا، ئامېرىكانىڭ 500 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىدىن ئاران 148 ئادەم ئۆلۈپ، 458 ئادەم يارىلاندى ... ۋېيتنام ئۇرۇشىدىن كېيىن، ھەم ھەربىي دائىرىلەرنىڭ، ھەم ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ ھەربىي ھەرىكەتلەر داۋامىدىكى خادىملارنىڭ ئۆلۈش-يارىلىنىش ئەھۋالىغا بولغان سەزگۈرلۈكى «كېسەللىك» دەرىجىسىگە يەتتى. «ئۆلۈش-يارىلىنىشنى ئازايتىش» بىلەن «ئۇرۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش» ئامېرىكا ھەربىي دائىرىلىرىنىڭ تارازىسىدىكى ۋەزنى ئوخشاش گىر تېشىغا ئايلاندى. ئەسلىدە جەڭچى سۈپىتىدە جەڭگاھقا قەدەم قويۇشى كېرەك بولغان ئامېرىكا ئەسكەرلىرى

ئەمدىلىكتە ئۇرۇشتىكى ئەڭ قىممەتلىك رەنە بۇيۇمغا ئايلىنىپ، چېقىۋېتىلىشىدىن قورقۇلىدىغان ئەتىۋارلىق جانان چىنىگە ئوخشاپ قالدى. ئامېرىكا قوشۇنلىرى بىلەن تۇتۇشۇپ باققانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇنداق بىر پرىنسىپنى بىلىۋالدى: «ئەگەر سەن بۇ قوشۇننى مەغلۇپ قىلالمىساڭ، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرگىن!» ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ «ئۆلۈش ـ يارىلىنىشنى ئازايتىش پىلان تۈزۈشتىكى ئالىي نىشاندۇر» دېگەننى تەكىتلىگەن دوكلاتى بۇ نۇقتىنى ئوپئوچۇق دەلىللەيدۇ. «ئۆلۈش ـ يارىلىنىشنى نۆلگە چۈشۈرۈشكە تىرىشىش»تىن ئىبارەت ئېچىنىش تۇسىنى ئالغان بۇ ئادەتتىكى شوئار ئامېرىكاچە ھەشەمەتلىك ئۇرۇشنى ۋۇجۇدقا چىقارغان ئاساسلىق تۈرتكىگە ئايلىنىپ قالدى ...

بۇنداق بىر ئالدىنقى شەرت تەرىپىدىن رامكىلانغان ئۇرۇشنىڭ «كالا بوغۇزلايدىغان پىچاقتا چۈجە ئۆلتۈرۈش» بولماي ئامالى يوق. بۇ ئۇرۇشنىڭ تېخنىكىسى، سېلىنمىسى، چىقىمى ۋە ئۈنۈمى يۇقىرى بولۇشتەك خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ ھەربىي ئىستراتېگىيە ۋە ئۇرۇش سەنئىتىگە بولغان تەلىپىنىڭ قورال تېخنىكىسى ۋە ئىقتىدارىغا بولغان تەلەپتەك يۇقىرى بولماسلىقىغا سەۋەب بولدى ... ئامېرىكا ئارمىيەسى ئىگە بولغان يۇقىرى تېخنىكىلارغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ ھەربىي تاكتىكىلىرى كۆرۈنەرلىك ئارقىدا قالغان. شۇنداقلا، مەزكۇر ئارمىيە يېڭى تېخنىكىلار يېڭى تاكتىكىلار ئۇچۇن تەمىنلىگەن پۇرسەتلەرنى تۇتۇشقىمۇ ماھىر ئەمەس. بىز ئامېرىكالىقلارنىڭ بۇ ئۇرۇشتا ئىلغار قوراللارنى ئۈنۈملۈك ئىشلەتكەندىن سىرت، ئۇرۇش داۋامىدا نامايەن قىلغان ھەربىي تەپەككۇرىنىڭ باشقا دۆلەتلەرنىڭكىدىن ئۇنچە بەك پەرقلىنىدىغانلىقىنى كۆرمىدۇق. ھېچبولمىغاندا بۇ خىل پەرق ئۇلار (يەنى ئامېرىكا بىلەن باشقا دۆلەتلەر)نىڭ قوراللىرىنىڭ ئىلغارلىقى ئارىسىدىكى پەرقتەك زور ئەمەس ئىدى. بەلكىم دەل شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، بۇ ئۇرۇش ھەربىي سەنئەتنىڭ نادىر ئەسىرىگە ئايلىنالماستىن، ئاساسەن ئامېرىكا ۋەكىللىكىدىكى يۇقىرى ـ يېڭى تېخنىكىلىق قوراللارنىڭ ھەشەمەتلىك كۆرگەزمىسى بولۇپ قالدى ۋە شۇ سەۋەبلىك دۇنيا مىقياسىدا ئامېرىكاچە ئۇرۇش ھەشەمەتچىلىكى كېسىلى تارقالدى ... دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ قورال ـ ياراغ سودىگىرى بولمىش ئامېرىكالىقلارنىڭ ئەلۋەتتە بۇنىڭدىن گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى ... كىشىلەر بۇ ئۇرۇشتىن كېيىن خېلى بىر ۋاقىتقىچە چۈشەنچىسىنى توغرىلىيالماي، زامانىۋى ئۇرۇش مۇشۇ بىرلا خىل شەكىلدە بولىدۇ، دەپ ئويلىۋېلىشتى ۋە ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق قىممەت باھالىق ئۇرۇشنىڭ چىقىمىغا پايلىيالمايدىغانلىقىدىن خىجالەت بولۇشتى. ئەنە شۇ ۋەجىدىن، پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدىن كېيىن دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ھەربىي مۇنبەرلىرى يۇقىرى تېخنىكىلىق قوراللارغا بولغان تەلپۈنۈش سادالىرى ۋە يۇقىرى تېخنىكىلىق ئۇرۇش قىلىش چاقىرىقلىرى بىلەن تولدى.

شائىر جېفېرس (Jeffers) ئېدىسونىدەك تالانت ئىگىسىنى مەيدانغا چىقارغان ئامېرىكا مىللىتى توغرىسىدا توختالغاندا شۇنداق دېگەن: «بىز ... مېخانىك ئۈسكۈنىلەرگە ماھىر، شۇنداقلا ھەشەمەتلىك بۇيۇملارغا ھېرىستۇرمىز.» ئامېرىكالىقلاردا بۇ ئىككى نەرسىگە قارىتا تۇغما مەپتۇنلۇق بار. شۇنداقلا ئۇلار تېخنىكا جەھەتتە ۋايىغا يېتىشنى ۋە مۇكەممەللىكنى قوغلىشىدىغان، ھەتتا قورال ـ ياراغنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق مېخانىك ئۈسكۈنىلەرنى ھەشەمەتلىك بۇيۇمغا ئايلاندۇرىدىغان خاھىشقا ئىگە ... بۇ خىل

خاھىش سەۋەبلىك، ئۇلار تېخنىكىغا تەرسالارچە مەپتۇن بولۇشتى. ئاندىن تېخنىكىغا، قورال-ياراغقا قارىغۇلارچە چوقۇنۇپ، ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى ھەرۋاقىت تېخنىكا ۋە قورال-ياراغ قاتلىمىدا تېپىشنىڭ كويىدا يۈردى. شۇنداقلا، بۇ خىل خاھىش ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ قورال-ياراغ ساھەسىدىكى باشلامچىلىق ئورنىنىڭ تەۋرىنىشىدىن ھەرۋاقىت خۇدۇكسىرەيدىغان قىلىپ قويىدى-دە، ئۇلار تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ يېڭى ۋە تېخىمۇ مۇرەككەپ قوراللارنى تىنىمسىز ياساش ئارقىلىق بۇ خىل تەشۋىشىنى بېسىشقا ئۇرۇندى. بۇ خىل پسىخىكىنىڭ تەسىرىدە، كونسېرى مۇرەككەپلىشىۋاتقان قورال-ياراغ سىستېمىسى بىلەن ئەمەلىي ئۇرۇشنىڭ تەقەززاسى بولغان ئاددىيلىق پرىنسىپى توقۇنۇشۇپ قالغاندا، ئۇلار (يەنى ئامېرىكالىقلار) ھەرۋاقىت قورال-ياراغ تەرەپتە تۇردى. ئۇلار ئۇرۇشنى ھەربىي تېخنىكا جەھەتتە رەقىبى بىلەن مارافونچە بەسلىشىش دەپ قاراشقا رازى بولدىكى، ئۇنى شجائەت ۋە جاسارەت، پاراسەت ۋە تاكتىكا توغرىسىدىكى كۈچ سىنىشىش دەپ قارىغىلى ئۇنىمىدى. ئۇلار «دەۋرىمىزدىكى ئېدىسونلار ئۇخلاپلا قالمىسا، غەلىبە قوۋۇقى چوقۇم ئامېرىكالىقلار ئۈچۈن ئېچىلىپ تۇرىدۇ» دەپ قاراشتى. ئۆزىگە بولغان بۇ قەدەر ئىشەنچ ئۇلارغا مۇنداق بىر ئاددىي ھەقىقەتنى ئۇنتۇلدۇردى: ئۇرۇشنى «تېخنىكا بىلەن قورال-ياراغدىن ئىبارەت مۇقىم لىنىيەدە ئۆتكۈزۈلىدىغان يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى» دېگەندىن كۆرە، «يۆنىلىشى توختاۋسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان، كۆپ خىل ئېنىقسىز ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان توپ مۇسابىقىسى» دېگەن تۈزۈك. بۇ مۇسابىقىدە ئادىداس ماركىلىق فورما بىلەن نايك ماركىلىق ئاياغ كىيىۋالغان بىلەنلا ئۇتۇپ چىققىلى بولمايدۇ.

لېكىن، ئامېرىكالىقلارنىڭ بۇ نۇقتىنى نەزەرگە ئېلىش خىيالى باردەك قىلمايدۇ. پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدا يۇقىرى تېخنىكىلار ئارقىلىق غەلىبە قىلىشنىڭ تەمىنى تېتىپ قالغان قېرى سام (ئامېرىكانى دېمەكچى، ت)نىڭ نۇرغۇن چىقىم قىلىپ بولسىمۇ يۇقىرى تېخنىكا جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى ساقلاپ قېلىشقا بەل باغلىغانلىقى ئېنىق. خىراجەت جەھەتتىكى قىسلىق ئۇلارنىڭ بۇ يولدا مېڭىۋېرىشىگە توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ يېڭى تېخنىكا ۋە يېڭى قورال-ياراغلارغا بولغان تەرسالارچە قىزغىنلىقىنى ئۆزگەرتەلىگىنى يوق. قارىغاندا، ئامېرىكا ئارمىيەسى توختىماي ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان ۋە ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى تەرىپىدىن ئۈزلۈكسىز قوبۇل قىلىنىۋاتقان ھەشەمەتلىك قورال-ياراغلار تىزىملىكى چوقۇم بارغانسېرى ئۇزىرايدۇ. لېكىن، ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ كەلگۈسى ئۇرۇشتىكى ئۆلۈش-يارىلىنىش سانى ئامېرىكانىڭ ئارزۇ قىلغىنىدەك «نۆل»دە تۇرۇشى ناتايىن. (نەقىل ئاخىرلاشتى)

**بەشبۇرجەكلىك بىنانىڭ ئۆلۈش-يارىلىنىشقا كىرىشىپ قېلىش تارىخى ۋيېتنام ئۇرۇشىدىن باشلانغان. ئەينى چاغدا مىليونلىغان ئامېرىكالىقلار ھەر كۈنى كەچلىك خەۋەرلەردىن ئۆلگەنلەرنىڭ سانى توغرىسىدىكى ئەڭ يېڭى ستاتىستىكىنى ئاڭلايتتى ۋە ئۆلگەن ئەسكەرلىرىمىزنىڭ جەستى سېلىنغان تاۋۇتلارنىڭ رەسىملىرىنى كۆرەتتى. 1960-يىللارنىڭ ئاخىرىدا شۇم خەۋەرلەر ئايمۇئاي ئۈزۈلمەي كېلىپ، جامائەت پىكرىنىڭ ئۇرۇشقا ۋە ئۇنىڭ رەھبىرىگە قەتئىي قارشى تۇرۇشىغا سەۋەب بولدى. ۋيېتنام ئۇرۇشىدىن كېيىنكى نېمىلەرنىڭ خاتا**

كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى ئويلىنىش جەريانىدا، بولۇپمۇ رېگان ھۆكۈمىتى مەزگىلىدە، بەشبۇرجەكلىك بىنا بىزنىڭ كەلگۈسى ئۇرۇشلاردا تېز ۋە تەلتۆكۈس غەلىبە قازىنىپ، ئۆلۈش-يارىلىنىشنى ئازايتىشىمىزغا تۆرتكە بولىدىغان يۇقىرى تېخنىكىلىق قوراللارغا ئىگە بولۇشقا كۆچىدى.

بۇ خىل تۇتۇمنىڭ پايدىسى شۇ بولدىكى، پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدا (ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ) ئۆلۈش-يارىلىنىش نىسبىتى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە تۆۋەن بولدى. ئۇنىڭ يېتەرسىزلىكى — پولكوۋنىكلارنىڭ كۆرسەتكىنىدەك — شۇ بولدىكى، ئۇ بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىزگە «ئامېرىكانى ھەربىي تــوقۇنۇشتىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇرلاشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنى كۆپلەپ ئۆلتۈرۈشتۇر، ھەتتا بۇنداق قىلىش ئۈچۈن ئىستراتېگىيەلىك ياكى تاكتىكىلىق سەۋەب بولمىسىمۇ بولىدۇ» دېگەن نۇقتىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. ئىككىنچى قېتىملىق پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدا ئەنە شۇنداق سىنارىيە كۆرۈلدى. ئەينى چاغدا ئامېرىكانىڭ ئۈستىلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان يۇقىرى تېخنىكىلىق قورال-ياراغلىرى سادامنىڭ قوشۇنلىرىنى تەكرار (يەنى بىرىنچى قېتىملىق پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدىكىگە ئوخشاش) تارمار قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بىز چىقىمى يۇقىرى پارتىزانلىق ئۇرۇشىغا سۆرەپ كىرىلدۇق. مەزكۇر ئۇرۇشتا، ئىراق پارتىزانلىرى يول بويىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىسمى-جىسمىغا لايىق «ئاددىي پارتلىتىش قۇرۇلمىسى» ئارقىلىق ئامېرىكا ئارمىيەسىنى قورقۇنچلۇق تالاپەتلەرگە ئۇچراتتى. فەللۇجەھتىن موسۇلغىچە بولغان ئىراق زېمىنلىرىنى قايتىدىن قولغا كىرگۈزۈش تولىمۇ كونىچە كوچا ئۇرۇشى قىلىشنى، شۇنداقلا — پولكوۋنىكلارنىڭ ئېيتقىنىدەك — شىجائەت ۋە جاسارەت، پاراسەت ۋە ئىستراتېگىيەنى تەقەززا قىلاتتى. لېكىن، ھەربىي تېخنىكىلار تولىمۇ ئېغىر چەكلىمىگە ئۇچرايدىغان ئافغانىستاندا، بىز تېخىمۇ كۆپ ئەسكىرىمىزنى قۇربان قىلىشنى خالىمايتتۇق. تالىبان بۇ نۇقتىنى بىلگەچكە، تاكى بىز «بولدى بەس» دېگەنگە قەدەر ئارمىيەمىزنىڭ چېكىنىشىغا تېگىش ئارقىلىق پۇرسەت كۈتتى ۋە ئاخىرىدا بۇ دۆلەتنى تولۇق قولغا كىرگۈزدى. يۇقىرىقى ئىككىلا ئەھۋالدا، مەنچە پولكوۋنىكلار چوقۇم ئۆز مۆلچەرىنىڭ توغرا چىققانلىقىدىن تولىمۇ مەمنۇن بولۇشتى.

پولكوۋنىكلار «ئامېرىكا مەيلى قان تۆكۈش ياكى ماددىي خىراجەت جەھەتتە بولسۇن، پەۋقۇلئاددە قىممەت، شۇنداقلا باشقىلار پايدىلىنىپ كېتىشى مۇمكىن بولغان ئۇرۇش شەكلىنى ئىجاد قىلدى» دەپ قارىغان. ئەگەر بىز بۇ يولدا مېڭىۋەرسەك، ئامېرىكا خەزىنىسى تېخىمۇ بەك قۇرۇقدىلىپ قېلىشى مۇمكىن. ئىككى نەپەر پولكوۋنىك يەنە ئامېرىكانىڭ سوغۇقچىلىق ئۇرۇشىدا قانداق غەلىبە قىلغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىغان. بىز (يەنى ئامېرىكا) سوۋېت ئىتتىپاقىنى بومباردىمان قىلماستىن، ئۇلارنى ئىقتىسادىي جەھەتتە ۋەيران قىلىۋەتتۇق. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، بۇ، يەنى «ئۇرۇش قوزغاپ، غەربنى ئىقتىسادتا ۋەيران قىلىۋېتىش» ئۆز نۆۋىتىدە ئۇسامە بىن لادېننىڭ ئىستراتېگىيەسىدىكى تېمىلاردىن بىرى ئىدى. خىتاي كومپارتىيەسى (ئىران، رۇسىيە ۋە شىمالىي كورېيە قاتارلىق) باشقا رەقىبلەرنىڭ ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ دىققىتىنى ئۆزگە تارتقانلىقىدىن پايدىلاندى ۋە بۇ جەرياندا ئامېرىكانىڭ دۆلەت مۇداپىئە خامچوتىمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدا ئېشىپ باردى. (ئەگەر ۋەزىيەت مۇشۇ تەرزدە كېتىۋەرسە) ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئەسىگە

**بارغانسېرى كۆپ خىراجەت ئاجرىتىپ، ئۇل مۇئەسسەسە، پەن تەتقىقاتى، «پەن ـ تېخنىكا، ئىنژېنېرلىق ۋە ماتېماتىكا مائارىپى»غا (STEM) يېتەرلىك مەبلەغ ئاجراتمىسا، ئاخىرىدا چوقۇم سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوخشاش ئىقتىسادتا ۋەيران بولىدۇ.**

**«چەكلىمىسىز ئۇرۇش» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورلىرى چياۋ لياڭ بىلەن ۋاڭ شياڭسۈي ئۆز ئەسىرىدە شۇنداق دېگەن:**

بىرلەشمە ئۇرۇشتىن ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇشقىچە

«ھەربىي ئىنقىلاب» دېگەن بۇ ئىبارە قارىغۇلارچە ئەگىشىلىدىغان مودا شوئارغا ئايلىنىپ قالدى ... ئامېرىكا ئالدىقاچان باشلانغان، شۇنداقلا پات يېقىندا ئومۇمىيۈزلۈك يېتىپ كېلىدىغان ھەربىي ئىنقىلابتا ئۆزىنىڭ باشلامچىلىق ئورنىنى ساقلاپ قالماقچى بولسا، ئالدى بىلەن ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ ھەربىي تەپەككۇرى بىلەن ھەربىي تېخنىكىسى ئارىسىدىكى پەرقنى تۈگىتىشى كېرەك ... گەرچە تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئامېرىكالىقلار يەنىلا تېخنىكىغا بولغان ئەسەبىيلەرچە مەپتۇنلۇقتىن قۇتۇلالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بۇ قېتىملىق ئۆزگىچە «مۇھاسىرىنى ـ بۆسۈش» داۋامىدا، ئامېرىكا ـ ئەسكەرلىرى ئۆچۈنلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل دۇنيادىكى ھەربىيلەر ئۆچۈنمۇ ئوخشاشلا مەنپەئەتلىك نەتىجىگە ئېرىشتى. يەنى ئالدى بىلەن، «بىرلەشمە ئۇرۇش» ئۇقۇمى شەكىللەندى، ئاندىن «ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇش» ئۇقۇمى مەيدانغا كەلدى.

«بىرلەشمە ئۇرۇش» ئىبارىسى ئەڭ دەسلەپتە ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ شتاب باشلىقلىرى بىرلەشمە يىغىنى 1991 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئېلان قىلغان 1 ـ نومۇرلۇق بىرلەشمە نەشر بۇيۇمى بولمىش «ئامېرىكا قوراللىق كۈچلىرىنىڭ بىرلەشمە ئۇرۇش قىلىشى» دېگەن نىزامدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ... مەزكۇر نىزام «بىرلەشمە ئۇرۇش»نىڭ «بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىش، ھەرقايسى ئارمىيە تۈرلىرى باراۋەر بولۇش، ئومۇمىيۈزلۈك بىرلىشىش، ئۇرۇش جەريانىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئىچكىرىلەپ كىرىش»تىن ئىبارەت تۆت زۆرۈر ئامىلىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تۇنجى قېتىم جەڭ رايونىدىكى بىرلەشمە قوماندانلىق شتابى قوماندانىنىڭ قوماندانلىق ـ تىزگىنلەش ھوقۇقىنى ئايدىڭلاشتۇرغان؛ مەزكۇر نىزامدا ھەرقانداق بىر ئارمىيە تۈرىنىڭ ئوخشىمىغان ئەھۋالغا بىنائەن ئۇرۇشنىڭ باش رولىنى ئۈستىگە ئېلىشى مۇمكىنلىكى بەلگىلەنگەن؛ «ھاۋا بىلەن يەر بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن ئۇرۇش» قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ھاۋا ۋە ئالەم بوشلۇقى بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن ئۇرۇشقا كېڭەيتىلگەن؛ بارلىق ئۇرۇش بوشلۇقىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئىچكىرىلەپ كىرىپ ئۇرۇش قىلىش تەكىتلەنگەن.

لېكىن، ئۇشبۇ قىممەتلىك تەپەككۇرنىڭ چەكلىمىلىكلىكى شۇ يەردىكى، ئۇنىڭ باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش نۇقتىسى ئوخشاشلا قوراللىق ئۇرۇش قاتلىمى بىلەن چەكلىنىپ، «بىرلەشمە»لىك دائىرىسىنى ئىنسانىيەت توقۇنۇشۇپ قېلىشى مۇمكىن بولغان بارلىق ساھەلەرگە كېڭەيتەلمىگەن. يىگىرمىنچى ئەسىر ئاياغلىشىش ئالدىدا تۇرغان، كەڭ مەنىدىكى ئۇرۇش ئۆز سېيماسىنى غىل-پال كۆرسىتىشكە باشلىغان ئۇشبۇ پەيتلەردە، بۇ خىل تەپەككۇرنىڭ كەمتۈكلۈكى شۇ قەدەر كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتىكى، ئەگەر ئامېرىكا قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنىڭ 1993-يىلىدىكى «ئۇرۇش پرىنسىپى»دا «ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇش» ئۇقۇمى ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان بولسا، بىز ئامېرىكانىڭ ھەربىي تەپەككۇر ساھەسىدىكى «قان ئازلىق»تىن ھاڭ-تاڭ قالغان بولاتتۇق.

13-قېتىم ئۆزگەرتىلگەن، باش پرىنسىپ خاراكتېرلىك مەزكۇر ھۆججەتتە، ئامېرىكا ئارمىيەسى كەلگۈسى بىر قانچە يىلدا دۇچ كېلىشى مۇمكىن بولغان تۈرلۈك خىرىسلار پەۋقۇلئاددە يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن نەزەرگە ئېلىنىپ، تۇنجى قېتىم «غەيرىي ئۇرۇش خاراكتېرلىك ھەربىي ھەرىكەت»تىن ئىبارەت يېپيېڭى ئۇقۇم ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مۇشۇ ئۇقۇم مەيدانغا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، كىشىلەر ئاندىن ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇش قىلىش مۇمكىنلىكىنى تونۇپ يەتتى ۋە ئامېرىكا قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىمۇ شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۇرۇش نەزەرىيەسى ئۈچۈن «ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇش قىلىش» دېگەن تولىمۇ دەبدەبىلىك ئىسمنى تېپىپ چىقتى. شۇنىسى مەنىداركى، ئامېرىكا قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنىڭ 1993-يىلىدىكى «ئۇرۇش پرىنسىپى»نى تۈزۈشكە مەسئۇل بولغان ۋە كۈچلۈك ئىجادىيلىقىنى نامايەن قىلغان كىشى دەل پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدا يەتتىنچى كورپۇسقا قوماندانلىق قىلىش داۋامىدا كىشىلەر تەرىپىدىن مۇتەئەسسىپ دەپ ئەيىبلەنگەن گېنېرال فرانكىس ئىدى ... ھالبۇكى، گېنېرال فرانكىس ۋە ئۇنىڭ نىزام يېزىش گۇرۇپپىسىدىكى ئوفىتسېرلار «پۈتكۈل ئۇرۇش رايونىدا ئالەم بوشلۇقى ئۇرۇشىنىڭ قوللىشى ئاستىدىكى ھاۋا، قۇرۇقلۇق، دېڭىز ۋە ئالاھىدە قىسىم ئۇرۇشلىرىنى قانات يايدۇرۇش» بىلەن «ئۇرۇش ۋە غەيرىي ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنىڭ تۈرلۈك ئېھتىماللىي ھەرىكەتلىرىدە ئۆز ئىلكىدىكى بارچە ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ، ئۆزى تاپشۇرۇۋالغان ۋەزىپىنى ئەڭ تۆۋەن بەدەل بىلەن، قەتئىي رەۋىشتە تاماملاش» دېگەن ئىككى جۈملە ئارىسىدىكى پەرقنى تولۇق ئاڭقىرالمىغان، شۇنداقلا ھەربىي ھەرىكەت سۈپىتىدىكى ئۇرۇشتىن باشقا، تېخىمۇ كەڭ غەيرىي ھەربىي خاراكتېرلىك ئۇرۇش ھەرىكەتلىرى مۇمكىنچىلىكى بارلىقىنى تېخىمۇ بايقىيالمىغانىدى.

تولىمۇ ئەپسۇس، ئامېرىكالىقلار ــ توغرىسىنى ئېيتقاندا ئامېرىكا قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى ــ بۇ قېتىملىق ئىنقىلابنى تولىمۇ بالدۇر توختىتىۋەتتى. (مەزكۇر ئىنقىلاب تەشەببۇسىغا) قارشى تۇرغۇچىلار ئارىسىدا، ئىلگىرى گېنېرال فرانكىسنىڭ قول ئاستىدا پولك كوماندىرى بولۇپ، كېيىن قۇرۇقلۇق ئارمىيەنىڭ «مەشىق ۋە نىزام قوماندانلىق شتابى»دا بىرلەشمە قىسىم تۈرىنىڭ قوماندانى بولغان خولدېر سابىق قوماندانىنىڭ ئىجادىي پىكرىگە ھەممىدىن بەك قارشى چىقتى ... خولدېرنىڭ (بۇ ھەقتىكى) چۈشەنچىسى شۇكى: «غەيرىي ئۇرۇش خاراكتېرلىك ھەربىي ھەرىكەتنىڭ ئۆزگە خاس بىر يۈرۈش

پرىنسىپلىرى بار دېگەن قاراش ئۇرۇش قىلغۇچى قىسىملاردا ئانچە ئالقىشقا سازاۋەر ئەمەس. نۇرغۇن قوماندانلار غەيرىي ئۇرۇش خاراكتېرلىك ھەرىكەت بىلەن ئەسلى مەنىسىدىكى ھەربىي ھەرىكەتنى ئايرىشقا قارشى». خولدېرنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، «قۇرۇقلۇق ئارمىيەدە <غەيرىي ئۇرۇش خاراكتېرلىك ھەرىكەتنى پەرقلەندۈرۈپ، ئايرىم مۇئامىلە قىلىش خاتالىقتۇر> دەيدىغان ئورتاق تونۇش شەكىللەندى». ئۇلار ئەگەر «غەيرىي ئۇرۇش خاراكتېرلىك ھەربىي ھەرىكەت» ئاساسىي نىزامغا كىرگۈزۈلسە، قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقىنى سۇسلاشتۇرۇۋېتىدۇ، يەنە تېخى قوشۇننىڭ ھەرىكەتلىرىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىشىمۇ مۇمكىن، دەپ قاراشقان. ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە، گېنېرال فرانكسنىڭ ئىنقىلابىنىڭ سۇغا چىلىشىشى مۇقەررەرلىشىپ قالغانىدى. قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى «مەشىق ۋە نىزام قوماندانلىق شتابى»نىڭ كېيىنكى نۆۋەتلىك قوماندانى خارتزوگنىڭ يوليورۇقى بىلەن، گېنېرال خولدېر ۋە 1998-يىللىق «ئۇرۇش پرىنسىپى»نى ئۆزگەرتىش گۇرۇپپىسىدىكىلەر «ئوخشاش تۈردىكى بىر تۈركۈم پرىنسىپلار ئارقىلىق قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنىڭ بارلىق تۈرلىرىنى قاپلايدىغان ھەربىي ھەرىكەت»نى ئاساس قىلىپ، ئاخىرى «ئۇرۇش پرىنسىپى»غا خېلى چوڭ ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەن. ئۇلار غەيرىي ئۇرۇش خاراكتېرلىك ھەرىكەت بىلەن ئادەتتىكى ھەربىي ھەرىكەتنى ئايرىماستىن، ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى ھۇجۇم، مۇداپىئە، مۇقىملىق ساقلاش ۋە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت تۆت تۈرگە ئايرىپ، ئەسلىدە «غەيرىي ئۇرۇش خاراكتېرلىك ھەرىكەت» كاتېگورىيەسىگە ئايرىلغان قۇتقۇزۇش، تىنچلىق ساقلاش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى بىر تۇتاش ئۇرۇش پرىنسىپىغا بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن، بۇلارنى قايتىدىن «ئۇرۇش ھەرىكەتلىرى» قاتارىغا كىرگۈزدى ھەمدە «ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇش» ئۇقۇمىدىن تەلتۆكۈس ۋاز كەچتى. قارىماققا بۇ مەسىلىنى تۈپ-يىلتىزىدىن ھەل قىلىپ، مۇرەككەپلىرىنى شاللاپ ئاددىيلىرىنى ساقلاپ قالغان ئۇسۇلدەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن، ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇ ئامېرىكاچە «شاكىلىنى ئېلىپ، مېغىزىنى تاشلاش» قىلمىشىدۇر. چۈنكى، تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن يېڭى پرىنسىپ تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن «غەيرىي ئۇرۇش خاراكتېرلىك ھەرىكەت» ئۇقۇمىدىن مەنبەلەنگەن نەزەرىيە قالايمىقانچىلىقىنى تۈگىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار ئۆزلىرىمۇ تۇيماستىن ئۆزلۈكىدە مۇۋەپپەق بولغان تەپەككۇر مېۋىسىنىمۇ تاشلىۋەتكەنىدى.

«ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇش»نىڭ ئۇرۇش ساھەلىرى ۋە ئۇسۇللىرىغا بولغان تونۇشى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ھەرقانداق ھەربىي نەزەرىيەلەرنىڭكىدىن كەڭ ئىدى. لېكىن، ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ يەنىلا «ھەربىي»لىك كاتېگورىيەسىدىن ھالقىپ كېتەلمىگەن ئىدى. مەسىلەن، بىز ئالدىدا تىلغا ئالغان «غەيرىي ھەربىي خاراكتېرلىك ئۇرۇش ھەرىكىتى»دىن ئىبارەت، دائىرىسى ھەربىي ھەرىكەتنىڭكىدىن تېخىمۇ كەڭ بولغان، ئەڭ كەمدە ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تۇرالايدىغان ئۇرۇش قىلىش ساھەسى ۋە ئۇسۇلى ئامېرىكا ھەربىيلىرى تەرىپىدىن نەزەردىن ساقىت قىلىنغان — ھالبۇكى، دەل مۇشۇ چوڭ ساھە كەلگۈسى ھەربىيلەر ۋە سىياسەتچىلەر تەسەۋۋۇرىنى ۋە ئىجادىيلىقىنى جارى قىلدۇرىدىغان بوشلۇق ئىدى — ۋە شۇ سەۋەبلىك، ئۇنى ھەقىقىي مەنىدە «ئومۇمىيۈزلۈك» دېگىلى بولمايتتى ... ئەمەلىيەتتە، ھېچكىم 360 گرادۇسلۇق ستېرېئولۇق بوشلۇققا، زامان ۋە باشقا غەيرىي فىزىكىلىق ئامىللار قوشۇلغان «ئومۇمىيۈزلۈك»

ئۇرۇش قىلالمايدۇ. ھەرقانداق كونكرېت ئۇرۇشنىڭ چوقۇم مەركىزىي نۇقتىسى بولىدۇ ۋە ھەر ۋاقىت چەكلىك بوشلۇقتا ئېلىپ بېرىلىدۇ ... بىردىنبىر پەرقلىق يېرى شۇكى، مۆلچەرلىگىلى بولىدىغان كەلگۈسىدە، ئۇرۇش ھەربىي ھەرىكەتتىنلا ئىبارەت بولماستىن، ھەربىي ھەرىكەت پەقەت «ئومۇمىيۈز»نىڭ ئىچىدىكى بىر «يۈز»دىنلا ئىبارەت بولىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭغا گېنېرال فرانكىس ئوتتۇرىغا قويغان «غەيرىي ئۇرۇش خاراكتېرلىك ھەربىي ھەرىكەت» قوشۇلغان تەقدىردىمۇ، بۇ يەنىلا «ئومۇمىيۈزلۈك» ھېسابلانمايدۇ. پەقەت بۇنىڭغا ھەربىي ھەرىكەتتىن تاشقىرى بارلىق «غەيرىي ھەربىي خاراكتېرلىك ئۇرۇش ھەرىكىتى»نى قوشقاندىلا، ئاندىن مۇكەممەل مەنىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ ... «غەيرىي ئۇرۇش خاراكتېرلىك ھەربىي ھەرىكەت»، «ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇش» دېگەندەك ئىجادىيلىقتا باي ئۇقۇملار ھەربىي تېخنىكا ئىنقىلابىدىن باشلانغان ھەربىي تەپەككۇر ئىنقىلابىغا. راۋۇرۇس يېقىنلاشقان، ھەتتا ئەگرى ـ بۈگرى تا.غ يو.لىدىكى. ئەڭ ئا.خىرقى. ھاڭنىڭ تۈۋىگىلا كېلىپ قالغان ۋە تەلتۆكۈس ئاڭقىرىشتىن ئىبارەت چوققىغا بىر قەدەملا قالغانىدى. لېكىن، ئامېرىكالىقلار دەل شۇ يەرگە كەلگەندە توختىۋالدى. ھەربىي تېخنىكا ۋە ھەربىي تەپەككۇردىن ئىبارەت ھەر ئىككى جەھەتتە ئىزچىل ھالدا دۇنيادىكى باشقا ئەللەرنىڭ ئالدىدا مېڭىپ كەلگەن ئامېرىكا توشقىنى مانا مۇشۇ يەردە ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەشكە باشلىدى.

بەلكىم ئەمدى باشقا دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي ئىنقىلاب ئىقتىدارىدىن گۇمانلىنىدىغان پودپولكوۋنىك لونىي ھېنلېي (Lonnie Henley) قاتارلىق ئامېرىكالىقلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە شۇنداق سوئال قويىدىغان ۋاقتى كەلگەن بولۇشى مۇمكىن:

نېمە ئۈچۈن ئىنقىلاب يۈز بەرمىدى؟ (نەقىل ئاخىرلاشتى)

**پولكوۋنىكلار يەنە بىر قېتىم بەشبۇرجەكلىك بىنانى «ئىنقىلاب خاراكتېرلىك» ھەربىي ئىسلاھات سەۋەبىلىك كۆرەڭلەپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن تەنقىدلىگەن ۋە «ئامېرىكالىقلار ئىنقىلابتىن بەكلا بالدۇر ۋاز كەچكەنلىكى ئۈچۈن، بۇ ئىسلاھات ئۇنچە ‹ئىنقىلاب خاراكتېرلىك› بولماي قالدى. ھەرقايسى ئارمىيە تۈرلىرى ئارىسىدىكى بىرلەشمە ئۇرۇش ۋە ‹ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇش› ياخشى پىكىرلەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك ‹چەكلىمىسىز ئۇرۇش› ئۇقۇمىغا يېتەرلىك دەرىجىدە يېقىنلىشالمىغان» دەپ قارىغان. پولكوۋنىكلار يەنە: «ئامېرىكا پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدىن كېيىن، ‹چەكلىمىسىز ئۇرۇش›تا يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلەشتىكى غايەت زور پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويىدى. شۇنداقلا، ئامېرىكانىڭ دىققىتىنى ئەنئەنىۋى جەڭگاھتىكى ئەنئەنىۋى ئۇرۇشقا مەركەزلەشتۈرۈشى ئېغىر خاتالىقتۇر» دەپ قارايدۇ. كەلگۈسى ئۇرۇشنىڭ قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ھاۋا، ھەتتا تور بوشلۇقىدىمۇ بەكلا ھالقىپ كېتىدىغانلىقى 1990 ـ يىللاردىلا ئىسپاتلانغان ئەھۋالدا، پولكوۋنىكلارنىڭ بۇ يەكۈنگە قوشۇلماي ئامال يوق.**

لونني ھېنلېي (Lonnie Henley) كەسپىي ئىستىخبارات خادىمى ۋە خىتايشۇناس بولۇپ، ئۇ غەربىي نۇقتا (West Point) ھەربىي مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئامېرىكا ئارمىيەسىدە 22 يىل ۋەزىپە ئۆتىگەن. كېيىن ئۇ يەنە يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي ئاپپاراتلاردا 17 يىل خىزمەت قىلغان، شۇ قاتاردا ئۇ ئىككى نۆۋەت شەرقىي ئاسىيا ئىشلىرىغا مەسئۇل دۆلەت مۇداپىئەسى ئىستىخبارات ئەمەلدارى بولغان. مەن 2014 ـ يىلى شتاب باشلىقلىرى بىرلەشمە يىغىنىدا ئىشلەۋاتقان ۋاقتىمدا، بەشبۇرجەكلىك بىنادا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندىم. مەن شۇنىڭغا قوشۇلۇشقا مەجبۇرمەنكى، ئۇنىڭ خىتايغا بولغان قارىشى ـ بەكلا مۇتەئەسسىپ، شۇنداقلا ئۇ خىتاينىڭ ئۆزىنىڭ ھەربىي ئىقتىدارىدىن ھالقىغان ئومۇمىي تەھدىتىنى تۆۋەن مۆلچەرلىۋالغان.

بۇ پاراگرافتىكى ئەڭ مۇھىم نۇقتىئىينەزەر «ئۇرۇشنى ھەربىي كۈچ ئىشلىتىش نۇقتىسىدىنلا ئويلاش كۇپايە قىلمايدۇ» دېگەندىن ئىبارەت. پرېزىدېنت نۇرغۇن ھوقۇقلارغا ئىگە بولغاچقا، بۇ ـــ مەن شتاب باشلىقلىرى بىرلەشمە يىغىنىدا ئىشلەۋاتقان ۋاقتىمدا شاھىت بولغىنىمدەك ـــ ئاسانلا ھەربىي كۈچكە زىيادە تايىنىپ قېلىشقا سەۋەب بولىدۇ.

ھايگىدىكى خەلقئارالىق سوت فىلىپپىننىڭ جەنۇبىي خىتاي دېڭىزى توغرىسىدىكى دەۋاسى ھەققىدە، خىتاينىڭ دەۋاسى ھەقسىز دەپ ھۆكۈم چىقارغاندىن كېيىن، خىتاينىڭ 2016~2017 ـ يىللىرى مەزكۇر دېڭىزدىكى جېدەلخور تۇتۇملىرى بۇ جەھەتتىكى ياخشى مىساللاردىن بىرىدۇر. خىتاي بۇ ھۆكۈمنى رەت قىلىپ، كۈچ كۆرسىتىشنى داۋاملاشتۇردى. بۇ تەيۋەنگە ۋە رايوندىكى باشقا دۆلەتلەرگە نىسبەتەن ئوپئوچۇق تەھدىت ئىدى. پرېزىدېنت ئوباما دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ بۇنىڭغا قارىتا بىرەر تەدبىر قوللىنىشنى خالايتتى، لېكىن بىز نېمە قىلالايمىز؟ ئۇلارنى (يەنى جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدىكى خىتاي ئەسكەرلىرىنى ۋە ھەربىي ئەسلىھەلىرىنى، ت) بومباردىمان قىلامدۇق؟ بىز ئۇرۇش پاراخوتلىرىمىزنى جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىغا ئەۋەتىپ، تالاش ـ تارتىش قىلىنىۋاتقان ئاراللارنى ئايلىنىش بىلەن كۇپايىلىنىشكە مەجبۇر بولدۇق. خىتاي دەسلەپتە بۇ رايوندا ھەربىي بازا قۇرۇش خىيالى يوقلۇقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، كېيىن خىتاي ئارمىيەسى بۇ يەردە مۇكەممەل ھەربىي بازىلارنى قۇرۇشقا باشلىغانىدى. ئەسلىدە پرېزىدېنت مالىيە مىنىستىرلىقىدىن ئامېرىكا پېنسىيە فوندلىرىنىڭ (جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدا سۈنئىي ئارال بەرپا قىلىش ئىشلىرىغا كۈچەۋاتقان، ت) «خىتاي تېلېگراف ئالاقىسى قۇرۇلۇشى شىركىتى»نىڭ لاي چىقىرىش تارماقلىرىنىڭ پاي چېكلىرىنى سېتىۋېلىشنى چەكلىشنى تەلەپ قىلىشى كېرەك ئىدى. مانا بۇ چەكلىمىسىز ئۇرۇشقا چەكلىمىسىز ئۇرۇش بىلەن تاقابىل تۇرغانلىق بولاتتى.

يىغىپ ئېيتقاندا، بىزنىڭ سىستېمىمىز يەنىلا ھەربىي كۈچ ۋە قاتتىق كۈچنى ئەڭ ياخشى چۆچۈتۈش قورالى سۈپىتىدە قوللىنىشقا مايىل. ھالبۇكى، بۇ (ئىقتىساد، پۇل مۇئامىلە، ئىدىئولوگىيە قاتارلىق) باشقا رىقابەت ساھەلىرىنى خىتايچە جەڭ مېتودىغا تاشلاپ بەرگەنلىكتۇر.

# سەككىزىنچى باب: خەلقئارالىق تەرتىپتىن قورال سۈپىتىدە پايدىلىنىش

باراك ئوباما ئۆزىنىڭ 2020 ـ يىلدىكى پىرىزدېنتلىق ئەسلىمىسىدە، خىتاي بىلەن مۇئامىلە قىلىشنىڭ تۇغرىسىدا تۆز ۋە رېئال قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ خىتاينىڭ نېمىگە ئېرىشمەكچى ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرىغان بولسىمۇ، لېكىن بۈنىڭغا لايىقىدا ئىنكاس قايتۇرمىغان. ئۇ خىتاينىڭ (ئاتالمىش) «تىنچ قەد كۆتۈرۈش» جەريانىدا قايسى تەرزدە «بىرلىككە كېلىنگەن خەلقئارالىق سودا بەلگىلىمىلىرىنىڭ ھەممىسىدىن دېگۈدەك ئۆزىنى قاچۇرغانلىقىنى، ئۇلارنى بۇرمىلىغانلىقىنى ياكى ۋەيران قىلغانلىقىنى» يازغان. ئۇ مىسال سۈپىتىدە خىتاينىڭ «ئىشچى ۋە مۇھىت ئۆلچەملىرى»گە پىسەنت قىلمىغانلىقىنى، «ئامېرىكانىڭ ئەقلىي مۈلۈكلىرىنى ئوغرىلىغان»لىقىنى؛ پۇلنى سۈيىئىستېمال قىلىش ۋە مەھسۇلاتلارنى تۆكمە قىلىش ئارقىلىق ئامېرىكانىڭ ياسىمىچىلىقىغا زىيان سالغانلىقىنى؛ خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ پايدىنىلا كۆزلەپ، خەلقئارالىق قانۇنغا پەرۋا قىلمايدىغانلىقىنى، «توسقۇنلۇققا ئۇچرىمىغانلا تەقدىردە، يولىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدىغانلىقى»نى قەيت قىلغان.

ئوباما بۇ خىل قىلمىشلارنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىنى بىلىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ۋاشىنگتوننىڭ بۇ ھەقتىكى ئىنكاسى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە «مۇلايىم» ئىدى. ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى پىرىزدېنتلارنىڭ بۇ ھەقتە (خىتايغا قارشى) تەدبىر قوللانماسلىقىغا، ۋال كوچىسىدىن دېھقانچىلىق ساھەسىگىچە، «(خىتايدىن) تولىمۇ كۆپ پۇل تاپقىلى بولىدىغانلىقى» سەۋەب بولغان، دەپ قارىغان. ئاندىن ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىستراتېگىيەسىنى ئىزاھلاپ، ئۆز تەدبىرلىرىنىڭ «خىتاينى ئۆز قىلمىشلىرىنى ياخشىلاشقا كۆندۈرۈش»نى مەقسەت قىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۇنىڭ ئەزەلدىن ھەقىقىي تۈردە ئىجرا قىلىنىپ باقمىغان «ئاسىياغا قايتىش» پىلانى «خىتاينى چەكلەشنى ياكى ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئېشىشىنى توسۇپ قويۇشنى مەقسەت قىلماستىن»، خەلقئارالىق قانۇن رامكىسىنى كۈچەيتىشنى مەقسەت قىلغان. ھالبۇكى، ئوباما مۇشۇنچىۋالا سىلىق سىياسەت قوللانغان بولۇشىغا قارىماستىن، يەنىلا خىتاي بۈنىڭدىن نارازى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، دەپ ئويلىغان. ئۇ ئۆز يەكۈنىدە: «مەنچە خىتاي بۈنىڭغا ئاشۇ تەرزدە

(يەنى «ئامېرىكا خىتاينى چەكلىمەكچى» دەپ) قارايدۇ» دېگەن. ئەمەلىيەتتە خىتاي خەلقئارالىق قانۇن دېگەنلەرگە پىسەنت قىلىپ كەتمىگەچكە ۋە ئۇنى داۋاملىق ۋەيران قىلىۋاتقان بولغاچقا، بۇنىڭ ھېچقانچە ئەھمىيىتى يوق ئىدى. مانا «كۆندۈرۈش»نىڭ پايدىسى!

پولكوۋنىكلار يەنە خىتاينىڭ خەلقئارالىق تەشكىلاتلارغا سىڭىپ كىرىپ نوپۇزغا ئېرىشىشى كېرەكلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن. ئۇلارنىڭ كىتابىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا، بىر ـ بىرىگە ئانچە ماس كەلمەيدىغان تۆرلۈك ئۇقۇملارنى بىرىكتۈرۈشكە ئۇرۇنغان ۋە يەنىلا بۈگۈنگە نىسبەتەن تولىمۇ مۇھىم بولغان بەزى مۆلچەرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇلار كىتابىنىڭ ئىككىنچى بۆلۈكىدە ۋە شۇنىڭ كەينىدىكى بەشىنچى ۋە يەتتىنچى بابتا (ئالتىنچى باب تارىختىكى ئۇرۇش شەكلىگە ئالاقىدار بولۇپ، غەلىتە رەۋىشتە تېمىدىن چەتنەپ كەتكەن) خەلقئارالىق تەشكىلاتلار ۋە خەلقئارالىق تېرورىزم توغرىسىدا، شۇنداقلا بۇ ئىككىلىسىنىڭ ئېگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتلەر يېتەلمەيدىغان بىر دۇنيانى ياراتقانلىقى توغرىسىدا توختالغان. ئۇلار بۇ دۇنيانى «دۆلەت ھالقىغان كۈچلەر» دەپ ئاتىغان ۋە شۇ ئارقىلىق خىتاينىڭ مەدەنىي قىلمىش قائىدىلىرىنى چۆرۈپ تاشلىشىنى مەنتىقىلىق ئاساس بىلەن تەمىنلىگەن. ئەينى چاغدا ئۇلارنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىنى چۈشىنىش قىيىن بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ يىگىرمە يىلدىن كېيىنكى «ھوسۇل»لىرى ھەرگىزمۇ چۈشىنىكسىز ئەمەس.

مەزكۇر پاراگرافتا خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ كۈچلىنىشى ھەرقايسى دۆلەتلەر ئاللىقاچان غەيرىي ئەنئەنىۋى ئۇرۇش سۈپىتىدە قوللىنىۋاتقان ئىستراتېگىيە دەپ قارالغان. شۇنداقلا، بىز «چەكلىمىسىز ئۇرۇش»تا تەكرار كۆرگەن «خىتاي ھەقىقىي ناچار دۆلەت ئەمەس، چۈنكى غەرب كۈچلىرى ئۆزلىرىگە خاس چەكلىمىسىز ئۇرۇشنى ئاللىقاچان باشلاپ بولغان» دېگەن نۇقتىئىنەزەر قايتا تەكىتلەنگەن. ئاپتورلار ئامېرىكانى «خەلقئارالىق تەرتىپتىن قورال سۈپىتىدە پايدىلاندى» دەپ ئەيىبلىگەن ۋە شۇ ئارقىلىق خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ مەزكۇر تەرتىپكە، شۇنداقلا ئۇنىڭغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ۋە ئۇنى تىرەپ تۇرغان ئاتالمىش بىتەرەپ تەشكىلاتلارغا سىستېمىلىق ھالدا قارشى چىقىشىنى يوللۇقلاشتۇرغان.

پولكوۋنىكلار ھەقىقەتەن خىتاينىڭ يەرشارىلاشقان دۇنياغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن كىرىشكە تەييارلىق قىلىۋاتقانىدى. ئۇلار بۇ كىتابنى يېزىۋاتقاندا، خىتاي خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ كۆپىنچىسىگە قاتناشمىغان ياكى كىرىشتىن چەكلەنگەنىدى. خىتاينىڭ بۇ تەشكىلاتلارغا كىرىشكە يول قويۇش ـ قويماسلىق دۇنيادىكى باي دۆلەتلەر ناھايىتى قاتتىق تالاش ـ تارتىش قىلغان تېما ئىدى. ئەڭ ئاخىرىدا كۈچلۈك دۆلەتلەر «كەڭ قورساقلىق» (ئەمەلىيەتتە يۇمشاقباشلىق، ت) قىلدى ـ دە، خىتاي ئۆز تەدبىرىنى قوللىنىشنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشتى.

ئۆتكەن يىگىرمە يىلدا، خىتاي ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە بەرپا قىلغان خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن شاپاشلاپ يۈردى. بۈگۈن ب د ت دىكى نۇرغۇن تەشكىلاتلارنىڭ باشلىقلىرى ئاشكارا ـ يوشۇرۇن ھالدا خىتاي تەرىپىدىن ۋەزىپىگە قويۇلماقتا. بۇنىڭ مىساللىرىدىن بىرى، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ باش مۇدىرى تېدروس ئادھانوم گېبرېيېسۇسدۇر

**تاجسمان ۋىرۇس دۇنيا مىقياسىدا تارقىلىشقا باشلىغاندا، ئۇ (Tedros Adhanom Ghebreyesus). خىتاينىڭ مەزكۇر ۋىرۇسنىڭ ماھىيىتى ۋە مەنبەسىنى يوشۇرۇشىغا تولىمۇ كۈچلۈك ياردەم بەردى. ئاندىن، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى خىتاينىڭ قامال سىياسىتىنى ئالقىشلاپ، دۇنيا مىقياسىدىكى دېموكراتىك ئەللەرنىمۇ پۇقرالارنىڭ ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىشقا ئۈندىدى. ئەڭ ئاخىرىدا، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى تاجسىمان ۋىرۇسنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا دوكلات ئېلان قىلىپ، بۇ ۋىرۇسنىڭ ۋۇخەندىكى تەجرىبىخانىدىن چىققانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ھېچقانداق دەلىل يوق، دەپ بىلجىرلىدى. ھالبۇكى، بارغانسېرى كۆپلىگەن پاكىتلار دەل شۇنىڭ ئەكسىنى دەلىللەپ تۇرماقتا.**

**(داۋامى كېيىنكى ساندا)**

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم، ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى




# شەرقىي تۈركىستانلىق جېيمس جويس

ئېد پارك

# شەرقىي تۈركىستانلىق جېيمس جويس

ئېد پارك[1]

يۈز يىل ئىلگىرى، جېيمس جويسنىڭ (James Joyce) «يۇلىسىس» (Ulysses) دېگەن رومانى دۇبلىننى (ھەتتا پۈتكۈل غەرب كۇلتۇرىنى) بىر كۈنلۈك رىۋايەتسىمان سەيلىگە سىغدۇرغانىدى. كالېيدوسكوپسىمان (كالېيدوسكوپ ـــ يورۇقلۇق ئىلمىدىن پايدىلىنىپ ياسالغان بىر خىل دۇربۇنسىمان ئويۇنچۇق بولۇپ، يارقىن رەڭلىرى بار جىسىم كالېيدوسكوپنىڭ بىر ئۇچىغا قويۇلىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۈچ قىرلىق ئەينەك قويۇلۇپ، كالېيدوسكوپنىڭ يەنە بىر ئۇچىدىكى ئەينەكتىن قارىغاندا، تۈرلۈك سىممېترىك شەكىللەرنى كۆرگىلى بولىدۇ، ت) بۇ ئۆزگىچە رومان كىتابنىڭ خاتىمىسىدىكى «شۇنداق» دېگەن مەشھۇر سۆز بىلەن ئەمەس، بەلكى بۇ رومان يېزىلغان جايلارنىڭ «تىرىستې-سيۇرىخ-پارىژ 1914~1921» دېگەن ئۇزۇن ئادرېسى ۋە يېزىقچىلىققا كەتكەن ۋاقىت بىلەن ئاياغلاشتۇرۇلغانىدى. بۇ خىل ئۆزگىرىشچان كىتابنى ئاڭقىرىش تەسكە توختىشى مۇمكىن، ئەمدى ئۇنى يېزىشنىڭ قانچىلىك قىيىنلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ.

ئۇيغۇر يازغۇچىسى پەرھات تۇرسۇننىڭ ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىنغان تۇنجى رومانى بولمىش «چوڭ شەھەر»دىمۇ (The Backstreets) مۇشۇ خىل خاتىمە كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ. گەرچە «چوڭ شەھەر» بىلەن «يۇلىسىس»نىڭ ئارىسىدا بىر ئەسىرلىك زامان پەرقى بولسىمۇ، لېكىن پەرھات تۇرسۇننىڭ بۇ قىسقا رومانىمۇ ئوخشاشلا ئىنسان روھىيىتىگە شۇڭغۇپ، كۈنلۈك پائالىيەت شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، بۇ روماندا نامسىز بايان قىلغۇچى تۇمان بىلەن قاپلانغان ئۈرۈمچىدە تېنەپ يۈرىدۇ. پەرھات تۇرسۇن بۇ كىتابنىڭ كىشىنى تولىمۇ پەرىشان قىلىدىغان خاتىمىسىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىش جەريانىنى بايان قىلغان.

1990-يىلىدىن 1991-يىلىغىچە ئۈرۈمچىدە يېزىلدى.

2005-يىلى ئۈرۈمچىدە تۈزىتىلدى.

خەتلىرى بېيجىڭدا كومپيۇتېرغا ئېلىنىپ، 2006-يىل 15-فېۋرال چۈش سائەت 12:30 دا تاماملاندى.

[1] ئامېرىكالىق ژۇرنالىست ۋە رومان يازغۇچىسى، ئىلگىرى «پىنگۋىن نەشرىياتى»نىڭ ماش مۇھەررىرى

تۆزىتىلگەن نۇسخىسى 2015 ـ يىلى 7 ـ مارت چۈش سائەت 12:30 دا ئۈرۈمچىدە تاماملاندى.

ھالبۇكى، بۇ خاتىمىنىڭ بۈگۈن قارىماققا تولۇق پۈتتۈرۈلمىگەن قەبرە تېشىغا ئوخشايدىغانلىقى كىشىنى شۈركۈندۈرىدۇ. مەزكۇر رومانىدىكى ۋەقەلىكلەرنىڭ سەھنىسى بولغان ئۈرۈمچى شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەركىزىي شەھىرى بولۇپ، ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى خىتاينى شەرقىي تۈركىستاندا 2017 ـ يىلىدىن باشلاپ «نازارەت قىلىش تېخنىكىلىرى ۋە توقۇپ چىقىلغان مەمۇرىي ۋە جىنايى بەتناملار ئارقىلىق، زور كۆپچىلىكى مۇسۇلمان بولغان ئۇيغۇرلارنى كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلدى ۋە سىياسىي جەھەتتىن مېڭىسىنى يۇدى» دەپ ئەيىبلىدى.

مەزكۇر رومانىنى تەرجىمە قىلغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان دەرېن بايلېرنىڭ (Darren Byler) بۇ كىتابنىڭ ئېنگلىزچە تەرجىمىسىگە يازغان تەقرىزىگە كۆرە، پەرھات تۇرسۇن خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئاشۇ خىل زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلاردىن بىرى بولۇپ، باشقا ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بىلەن بىر قاتاردا (دەرېن بايلېر بىلەن بىللە مەزكۇر رومانىنى تەرجىمە قىلغان يەنە بىر نامىسىز تەرجىمانمۇ شۇلارنىڭ ئارىسىدا) «كۆچ ـ قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان» مەزگىلدە، خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن غايىب قىلىۋېتىلگەن. شۇ يىلى خىتاي كومپارتىيەسى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسىنىڭ سېكرېتارى چېن چۈەنگو «تۇتۇشقا تېگىشلىكلەرنىڭ ھەممىسى تۇتۇش» ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن بولۇپ، «چوڭ شەھەر» ۋە ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارغا قارشى ئىرقىي كەمسىتىشنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكى خىتاي دائىرىلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئەمەس. 2020 ـ يىلى دەرېن بايلېر تۇتقۇندىكى پەرھات تۇرسۇننىڭ 16 يىل كېسىلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان.

ھالبۇكى، 20 ـ ئەسىردىكى غەرب ئەدەبىياتى ۋە پەلسەپىسىگە مەپتۇن بولغان دىندىن خالىي (secular) مۇسۇلمان بولمىش پەرھات تۇرسۇن 1996 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى» دېگەن ئەسىرى سەۋەبلىك دىنغا سادىق ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ قەھرى ـ غەزىپىنى قوزغىغان، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆلۈم تەھدىتىگە دۇچ كەلگەن.

«چوڭ شەھەر» خىلمۇخىل ئەندىزىلەر ئارىسىدا توختاۋسىز ئالمىشىپ تۇرىدىغان تىنىمسىز ئەسەردۇر. ئۇنىڭ بەزى بەتلىرى ئىشخانىدىكى زۇلمەتلىك كومېدىيەلەرگە تولغان. ئۇنىڭ باشقا بەزى بۆلەكلىرى خاتىرىسىنى يوقاتقان ياكى ئەقلىدىن ئاداشقان كىشىنىڭ ئاجايىب چۈشلىرىگە ئوخشايدۇ. دەرېن بايلېرنىڭ تەقرىزىدە كۆرسىتىلىشىچە، پەرھات تۇرسۇننىڭ كۇتۇپخانىسىدىكى كىتابلار ئارىسىدا ناباكوفنىڭ ئەڭ چۈشىنىكسىز رومانلىرىنىڭ تەرجىمىسىمۇ بار ئىكەن. «چوڭ شەھەر» كىشىگە ناباكوفنىڭ «Bend Sinister»، «كالالا كېسىش تەكلىپى» رومانلىرىدىكى، بولۇپمۇ 1930 ـ يىللىدىكى «كۆز» پوۋېستىدىكى (بۇ پوۋېستتىكى ۋەقەلەر بىر ئۆلۈك تەرىپىدىن بايان قىلىنىدۇ) ئاجايىپ چۈشكۈنلۈكنى ۋە شەكلى ئۆزگەرگەن رېئاللىقنى ئەسلىتىدۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا، كىتاب تەلتۆكۈس قورقۇنچ ئىچىگە شۇڭغۇيدۇ ۋە ئۇنىڭغا دەرھال كىشىنى چۆچۈتىدىغان ۋە تولۇق ئېرىشىلگەن قەتئىيلىك ياندىشىپ كېلىدۇ. زۆرۈر يىپ ئۇچى ئالدىنقى بەتلەرگە سىڭدۈرۈۋېتىلگەن، بولۇپمۇ ئۈرۈمچى شەھىرى «چوڭقۇر ياردىن قالغان تاتۇق»قا ئوخشايدىغان جىلغىغا جايلاشقان، ئازاب ئىچىدە تولغىنىۋاتقان بەدەنگە؛ ئۇنىڭ ئىمارەتلىرىدىكى چىراغلىرى يورۇپ تۇرغان دېرىزىلەر «چىشى قاناۋاتقان كىشىنىڭ تۆكۈرۈكى»گە ياكى «سېرىق يىرىڭ»غا ئوخشىتىلغان. «سېپى ئۇپراپ چاشقاننىڭ جۇغىچىلىك بولۇپ قالغان سۆپۈرگە»؛ ئۈستىدە «بىر دوختۇرخانىنىڭ جىنسىي ئاجىزلىقنى داۋالاش ئېلانى بىلەن يۆتۈپ كەتكەن بىر ئادەمنى ئىزدەش ئېلانى بار» دەسسەپ - چەيلەنگەن گېزىت قاتارلىق كىشىنى چۆشكۈنلەشتۈرىدىغان ئەخلەتلەر كىتابتىكى تارىماس تۇمانلار ئارىسىدىن چىقىپ كېلىدۇ.

رومانىدىكى نامسىز بايان قىلغۇچى تىپىك سەلبىي باش پېرسوناژ بولۇپ، ئۇ ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى زىغىرلايدۇ، ئەقلى - ھوشى ئانچە جايىدا ئەمەس، پىخسىق، چاكىنا، شەھۋەتتى قۇتىرىغان، چۈشكۈن، ئوقۇمۇشلۇق، ئەمما خۇراپىي. ئۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى بىر يېزىدىن ئايرىلىپ، بېيجىڭدىكى ئۇنىۋېرسىتېتتا ماتېماتىكا كەسپىدە ئوقۇپ، ئۆزىنىڭ «سانغا بولغان بىنورمال ئىستىكى»نى يېتىلدۈرىدۇ. غەلىتە يېرى شۇكى، ئۇ ئۆز يۇرتىغا تېخىمۇ يېقىن بولغان ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بېيجىڭدىكى چاغدىكىدىن تېخىمۇ چۈشكۈنلىشىپ كېتىدۇ. ماتېماتىكا تالانتى ئۇنى خام خىياللار قوينىدىن قۇتۇلدۇرالمايلا قالماستىن، ئۇنىڭ خام خىياللىرىنى تېخىمۇ ئەدىتىۋېتىدۇ. ئۇنىڭغا نىسبەتەن سان - سىفىرلار ئالەمنىڭ ھەقىقەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئاللىقانداق دەرىجىدىن تاشقىرى قەدىمىي كۈچ ياكى مەخپىي گۇرۇھ تەرىپىدىن تىزگىنلىنىدىغان سىرلىق كودلارغا ئايلىنىدۇ. «ھەر قېتىم بىر ساننى كۆرگىنىمدە، تاكى شۇ ساننى يادلاپ، ئېسىمدە چىڭ ساقلىۋالمىغۇچە، ئۇنىڭ يېنىدىن كېتەلمەيمەن» دەيدۇ ئۇ.

شۇ ۋەجىدىن، ئۇ بىر پارچە قەغەزدىكى بىر قانچە سان ئارقىلىق تۇرالغۇ تېپىش ئۈچۈن بىھۇدە شاپاشلايدۇ. ئۇنىڭ ماكانسىزلىقى ھەم رېئال، ھەم مەجازىيدۇر. ئۇنىڭ كوچىلارغا بولغان غەلىتە ناتونۇشلۇقى ئۈرۈمچىنىڭ 1990 - يىللاردىكى بىر يېرىم مىليون كىشىلىك شەھەردىن كېڭىيىپ، بۈگۈنكى تۆت مىليون نوپۇسلۇق شەھەرگە ئايلانغانلىقىنى ۋە شەھەر كۆلىمىنىڭ تۆت ھەسسە كېڭەيگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. 2020 - يىلىغا كەلگەندە، ئۈرۈمچى دۇنيادىكى ئەڭ ئېغىر بۇلغانغان شەھەرلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى. «چوڭ شەھەر»دىكى ئۈرۈمچى كىچىك، خارابلاشقان جايغا ئوخشايدۇ. كىتابتىكى ھەر بەتنى ئوقۇش بارغانسېرى قىيىنلىشىدۇ، تۇمانلار بارغانسېرى زەھەرلىكلىشىدۇ.

كۆندۈزى ، بايان قىلغۇچى لىڭشىپ قالغان بىرلا تارتمىسى بار ئۈستەل ئالدىدا ئولتۇرىدۇ ۋە ئاشۇ تارتمىنى «بۇ شەھەردىكى ماڭا تەۋە بىردىنبىر نەرسە» دەپ قارايدۇ. قالغان تارتمىلارنىڭ ھەممىسى قۇلۇپلانغان بولۇپ، ئىچىگە شۇنىڭدىن 11 يىل مۇقەددەم ئاشۇ ئۈستەلدە ئىشلىگەن بىرىگە تەۋە نەرسىلەر سېلىنغان ۋە باش پېرسوناژ بۇ نەرسىلەرنى تازىلىۋېتىشنى خالىمايدۇ. ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى تۆۋەن، خىتايچىسى چالا بولغاچقا، خىزمەتدىشى — كونتېكستتىن خىتاي ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ — دائىم ئۇنىڭغا

پوپوزا قىلىدۇ. كەلكۈنگە ئۇچرىغانلار ئۈچۈن ئىئانە توپلانغاندا، ئۇ پۇل بەرگىلى ئۇنىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بىر خىزمەتدىشى: «پۈتۈن دۇنيادىكىلەر، ھەتتا دۈشمەنلىرىمىزمۇ مۇشۇ ئاپەت ئۈچۈن تەزىيە بىلدۈرۈۋاتقان تۇرسا، سەن نېمىشقا بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلمەيسەن؟ بۇ ئىشىڭ چەكتىن ئېشىپ كەتتى» دەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇ پۇل ئىئانە قىلغاندىن كېيىنمۇ، تاپا ـ تەنىدىن قۇتۇلالمايدۇ.

«مەن ئۇلارغا ئەھۋالىمنىڭ ئۆيلىرى كەلكۈندە ۋەيران بولغانلارنىڭكىدىنمۇ ناچار ئىكەنلىكىنى، چۈنكى مېنىڭ ئاپەتتە ۋەيران بولغۇدەك ئۆيۈممۇ يوقلۇقىنى ئېيتتۇم، ئۇلار بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مېنىڭ ئىنسانىيلىقنى يوقاتقانلىقىمغا تېخىمۇ غەزەپلەندى ... مەن ئۆزۈمنى ئاقلاش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ھەربىر سۆز مېنى تېخىمۇ ئېغىر گۇناھكار قىلىپ قويدى.»

«چوڭ شەھەر» ئېزىلگەنلەرنىڭ ساداسىنى ئىپادىلەپ، بايان قىلغۇچىنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئازابىنى ۋە نۆۋەتتىكى خارلىقنى بابلارغا ئايرىماستىن شىددەتلىك ئاڭ ئېقىمى ئارقىلىق خاتىرىلەيدۇ. ئۇنىڭ كۆزىتىشى بىر خىل ئۇنىۋېرسال ئىستېتىكىلىققا ئىگە بولۇپ، «تۇمانلار ئارىسىدىكى ماشىنىلارنىڭ تىنىمسىز ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولىدۇ. بۇ ئاۋاز تۇمان بىلەن بىرلىشىپ، تۇماننى تېخىمۇ قويۇق كۆرسەتتى. ماشىنا چىراغلىرىنىڭ يورۇقى كۆل دۆۋىسىدىكى ئاخىرقى چوغدەك غايىب بولدى. ماشىنىلارنىڭ تىنىمسىز ئاۋازلىرى دەل بۇ شەھەرنىڭ سۈكۈتى ئىدى». شاۋقۇن ـ سۈرەن، ھاۋا ۋە يورۇقلۇقنىڭ بۇ تەرزدە جۇغلىنىشى كىشىنى يېپىق ماكان تەشۋىشىگە (claustrophobia) دۇچار قىلىشى مۇمكىن، لېكىن پەرھات تۇرسۇن ئۇنى كىشىنى جىددىيلەشتۈرىدىغان ھالەتكە ئەكەلگەن بولۇپ، تۇماننىڭ قويۇقلۇقى ئەسەرگە سىڭىپ كىرگەندى.

تۇمان كۆڭۈلدىكىدەك دالدا بولۇپ، ئۇ بايان قىلغۇچىنى قەرەللىك ھالدا سەھرادىكى ئۆسۈپ ـ يېتىلىش ئەسلىمىلىرىگە قايتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ: «مەن كەڭ، ئاق تاغباغىرلىرىنى، پاكىز يېزا يوللىنىڭ بويىدا دائىم كۆزگە چېلىقىدىغان قوم دۆۋىلىرىنى، ئالتۇندەك سېرىق بۇغداي ئېتىزلىرىنى سېغىندىم». ئۇ ئۆزىنىڭ ياشلىق مەزگىلىدىكى مەينەتچىلىك ۋە ئازابلارنى تەدرىجىي بايان قىلغاندا، يۇقىرىدىكى يېزا قوشاقلىرىغا ئوخشايدىغان تەسۋىرلەرنىڭ ئەسلىدە يالغان ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ئۇ جىمغۇر ئاچىسىدىن قالغان كونا كىيىملەرنى كىيگەنلىكىنى، ئاپىسى بىلەن ئۆتكۈزگەن كېچىلەرنى، مەستلىكتە ئۆستەڭدە يېتىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن بولغان دادىسىنى ئىزدىگەنلىكىنى ئەسلەيدۇ. ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە يۇمۇر ئۇچقۇنلىرىمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ: ئۇنىڭ ئاچىسى ئۆزىدىن ئوتتۇز ياش چوڭ بىرىگە تەگسە، ئاكىسى ئۆزىدىن قىرىق ياش چوڭ بىر ئايال بىلەن قېچىپ، ئاچىسىدىنمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ئەگەر ئۇنىڭ يېزىلاردىكى ئۇيغۇرلۇق سۈپىتىدە ئۆسۈپ ـ يېتىلىش جەريانىنى جاپالىق دېيىشكە توغرا كەلسە، ئۇنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇرلۇق ھاياتىنى تەلتۆكۈس ئېچىنىشلىق دېيىش مۇمكىن. دەرىن بايلېر ئۆزىنىڭ يېقىنقى «تېرورلۇق كاپىتالىزمى: خىتاي شەھىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىدىن مەھرۇم قىلىنىشى ۋە ئەركەكچىلىكى» (Terror Capitalism: Uyghur Dispossession and Masculinity in a Chinese City) دېگەن كىتابىنى ئەھۋالى «چوڭ شەھەر»دىكى باش پېرسوناژنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان،

**«ئاز سانلىق مىللەت» دېيىلگەن بىر سەرگەرداننىڭ بىلەن بولغان دىيالوگ ئارقىلىق باشلىنىدۇ. «بىز شەھەردىكى ياش كۆچمەنلەرنىڭ يېڭى يۆنىلىش تۈيغۇسىنى شەكىللەندۈرۈشكە موھتاجلىقى؛ ئۇلار ئۆز دۇنياسىنى تەشكىللەشتە تايىنىدىغان جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكلەرنىڭ قانداق قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىلگەنلىكى توغرىسىدا سۆھبەتلەشتۇق». ئۇ خىزمەت جەريانىدا ۋە ئۆزىنىڭ تەنها، ئەگرى-توقاي كەچمىشلىرىدە ئۇچراتقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا ئىسمىسىز غەلىتە كىشىلەر بولۇپ، ھېچكىم ئۇنىڭغا ياردەم قىلمايدۇ. بىر ساراڭ مەلۇم بىر رايوندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىنى «چانىۋېتىش»كە قەسەمياد قىلىدۇ. پەرھات تۇرسۇن «چانىۋېتىش» دېگەن بۇ سۆزنى 200 قېتىمدىن كۆپرەك ئىشلىتىدۇ. ئۇ خاتا ھالدا «بىر دۆۋە كىيىم» دەپ قارىۋالغان بىر خوتۇن قىڭراقنى كۆتۈرگىنىچە ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىدۇ. «كۆلكە چىراي» بىر ئىشخانا مۇدىرى ئوچۇق قىلىپ: «مەن بىلەن سۆزلەشكەنلىكىنىڭ يالغۇز ئۇنىڭلا ۋاقتىنى ئىسراپ قىلغانلىق بولماستىن، بەلكى ئۇ تەۋە بولغان پۈتكۈل مىللەتنىڭ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىش جىنايىتى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى». بۇ مۇدىر خىتاي ئىدى.**

**گاھىدا، «چوڭ شەھەر» ئەنئەنىۋى روماندىن بەكرەك مەرسىيەگە ئوخشاپ كېتىدۇ. «مەن بۇ ناتونۇش شەھەردە ھېچكىمنى تونۇمايمەن، شۇڭا مەن ھېچكىم بىلەن دوست ياكى دۈشمەن بولالمايمەن» دېگەن جۈملە ھەر تەكرارلانغاندا تېخىمۇ پىغانلىق تۇيۇلىدۇ.**

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://www.theatlantic.com/books/archive/2022/09/the-backstreets-book-perhat-tursun-uyghur-writer/671494/
utm_source=twitter&utm_medium=social&-promo&utm_campaign=the-atlanticutm_term=2022-09-21T17%3A49%3A58



مىسلىسىز ئويغىنىش

# تىرىشچانلىق، تەلەي، ۋە مۇۋەپپەقىيەت

جېيمس كىلىر

# تىرىشچانلىق كۈچى، تەلەي ۋە مۇۋەپپەقىيەت[1]

جېيمىس كلىر

(«نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»نىڭ ئەڭ بازارلىق كىتاب تىزىملىكىدە بىرىنچى ئورۇندا تۇرغان «Atomic Habits» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى، بۇ كىتاب ئەللىك نەچچە خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنىپ، دۇنيا مىقياسىدا توققۇز مىليون پارچىدىن ئارتۇق سېتىلغان)

**1997 ـ يىلى، داڭلىق مەبلەغ سالغۇچى ۋە مىلياردېر ۋارېن بافېت (Warren Buffett) تەپەككۇر تەجرىبىسى قىلىپ بېقىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دېگەنىدى:**

**«ئۆزىڭىزنى تۇغۇلۇشىڭىزغا بىر سوتكا قالغان پەيتتە دەپ تەسەۋۋۇر قىلىڭ. بىر پەرىشتە يېنىڭىزغا كېلىپ، سىزگە: ‹سىز ئۆزىڭىز تۇغۇلماقچى بولغان جەمئىيەتنىڭ قائىدىلىرىنى بەلگىلىيەلەيسىز، ئۆزىڭىز خالىغان نەرسىلەرنى، جۇملىدىن ئىجتىمائىي قائىدىلەرنى، ئىقتىسادىي قائىدىلەرنى ۋە ھۆكۈمەت قائىدىلىرىنى بېكىتەلەيسىز. شۇنداقلا، سىز بېكىتكەن بۇ قائىدىلەر سىزنىڭ، بالىلىرىڭىزنىڭ ۋە نەۋرىلىرىڭىزنىڭ ھاياتى بويىچە كۈچكە ئىگە بولىدۇ.**

**لېكىن بۇنىڭ بىر شەرتى بار. سىز ئۆزىڭىزنىڭ باي ـ ياكى نامرات ئائىلىدە، ئوغۇل ياكى قىز، كېسەلچان ياكى ساغلام ھالدا، ئامېرىكادا ياكى ئافرىقادا تۇغۇلىدىغانلىقىڭىزنى بىلمەيسىز. سىزنىڭ بىلىدىغىنىڭىز پەقەت ئۆزىڭىزنىڭ بەش مىليارد 800 مىليون كىشىلىك بۇ چوڭ توپنىڭ بىرى ئەزاسى بولىدىغانلىقىڭىزدۇر. ھالبۇكى، ئەنە شۇ (يەنى سىزنىڭ «كىم» بولۇپ تۇغۇلىشىڭىز) ھاياتىڭىزدا يۈز بېرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئىشتۇر. بۇ سىزنىڭ قايسى مەكتەپتە ئوقۇشىڭىز، قانچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىڭىز قاتارلىق خىلمۇخىل ئامىللارنىڭ ھەممىسىدىن مۇھىمدۇر.»**

**بافېت ئىزچىل ھالدا تەلەينىڭ مۇۋەپپەقىيەتتىكى رولىنى تەكىتلەپ كەلگەن. ئۇ 2014 ـ يىلىدىكى يىللىق مەكتۇپىدا: «تەلىيىمىز ئوڭدىن كېلىپ، مەن ۋە [تىجارەتتىكى شېرىكىم] چارلىي ئامېرىكادا تۇغۇلدۇق، بىز بۇ ۋەقە بىزگە ئاتا قىلغان غايەت زور ئەۋزەللىكتىن ئۆمۈر بويى مىننەتدارمىز» دېگەن.**

[1] ماۋزۇ تەھرىر تەرىپىدىن قويۇلدى

مەسىلىگە بۇ خىل نۇقتىئىينەزەردىن قارىغاندا، ھەقىقەتەن تەلەينىڭ ۋە تەقدىرنىڭ ھاياتتىكى مۇھىملىقىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. دەرۋەقە، بۇ ئامىللار ھاياتتا پەۋقۇلئاددە مۇھىم رول ئوينايدۇ. لېكىن، بىز ئەمدى نەزىرىمىزنى ئىككىنچى ھېكايىگە ئاغدۇرايلى.

**«523 ـ پروجېكت»نىڭ ھېكايىسى**

1969 ـ يىلى، يەنى ۋېيتنام ئۇرۇشىنىڭ 14 ـ يىلى، تۇ يوۋيوۋ (屠呦呦) ئىسىملىك خىتاي تەتقىقاتچى بېيجىڭدىكى مەخپىي تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. بۇ ئورۇن پەقەت ئۆزىنىڭ «523 ـ پروجېكت» دېگەن كود ئىسمى بىلەنلا بىلىنەتتى.

ئەينى چاغدا، خىتاي ۋېيتنامنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولۇپ، «523 ـ پروجېكت» ئەسكەرلەر ئۈچۈن بەزگەككە قارشى دورىلارنى ياساپ چىقىش ئۈچۈن تەسىس قىلىنغانىدى. چۈنكى، ئەينى چاغدا بۇ كېسەل ۋېيتنام ئارمىيەسى ئۈچۈن چوڭ باش قېتىنچىلىقىغا ئايلانغان بولۇپ، ئورمانلىقتا بەزگەك كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن ۋېيتنام ئەسكەرلىرىنىڭ سانى جەڭگاھتىكىدىن قېلىشمايتتى.

تۇ يوۋيوۋ ئىشنى چامىسىنىڭ يېتىشىچە يىپ ئۇچى ئىزدەشتىن باشلىدى. ئۇ خەلق ئارىسىدىكى قەدىمىي داۋالاش ئۇسۇللىرى توغرىسىدىكى قوللانمىلارنى، نەچچە يۈز، ھەتتا مىڭ يىللار بۇرۇنقى قەدىمىي كىتابلارنى ئوقۇدى، بۇ كېسەلگە شىپا بولىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنى تېپىش ئۈچۈن يىراق ـ يىراقلارغا سەپەر قىلدى.

بىر نەچچە ئايلىق ئىزدىنىش نەتىجىسىدە، ئۇنىڭ گۇرۇپپىسى 600 دىن ئارتۇق ئۆسۈملۈك يىغىپ، ئىككى مىڭغا يېقىن داۋالاش ئۇسۇلىنى رەتكە تۇرغۇزدى. ئاندىن تۇ يوۋيوۋ تەدرىجىي ۋە تەرتىپلىك ھالدا، مۇمكىن بولغان دورىلارنىڭ تىزىملىكىنى 380 گە قىسقارتىپ، ئۇلارنى تەجرىبىخانىدا چاشقانغا سىناق قىلدى.

«بۇ ئاشۇ پروجېكتنىڭ ئەڭ قىيىن باسقۇچى بولۇپ، خىزمەت ئىنتايىن جاپالىق ۋە زېرىكىشلىك ئىدى، بولۇپمۇ كەينى ـ كەينىدىن مەغلۇپ بولغاندا، بۇ كىشىگە تېخىمۇ ئېغىر كېلەتتى» دەيدۇ ئۇ.

نەچچە يۈز قېتىملاپ سىناقلار ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، مۇتلەق كۆپىنچىسى نەتىجىسىز بولدى. لېكىن، بىر سىناقتا «كۆك ئەمەن» (青蒿) دېيىلىدىغان ئۆسۈملۈكتىن ئاجرىتىلغان ماددا ئۈنۈم بەرگەندەك قىلىپ، تۇ يوۋيوۋنى قاتتىق ھاياجانلاندۇردى. لېكىن، ئۇ ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بۇ ئۆسۈملۈك پەقەت گاھى ـ گاھىدا بەزگەككە قارشى ياخشى ئۈنۈم بەردى ـ يۇ، ئۈنۈمى سىجىل بولمىدى.

شۇ چاغدا، ئۇنىڭ گۇرۇپپىسى بۇ ھەقتە ئىزدەنگىلى ئىككى يىل بولغانىدى، لېكىن تۇ يوۋيوۋ ئىشنى نۆلدىن باشلاش زۆرۈر دەپ قارىدى. ئۇ بارلىق سىناقلارنى قايتىدىن كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئىلگىرى ئوقۇغان ھەربىر كىتابنى قايتىدىن ۋاراقلاپ، كۆزدىن قاچقان يىپ ئۇچلىرىنى بايقاشقا ئۇرۇندى. بۇ جەرياندا،

ئالاھەزەل 1500 يىللار ئىلگىرى يېزىلغان «جىددىي ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇش قوللانمىسى» (肘后救卒方) دېگەن قەدىمىي خىتايچە كىتابتىكى بىر جۈملە ئۇنىڭ كۆزىگە چېلىقتى.

بۇ كىتابتا كۆرسىتىلىشىچە، ئەسلىدە مەسىلە تېمپېراتۇرادا ئىدى. يەنى كۆك ئەمەننىڭ مادداتىنى ئاجرىتىش جەريانىدا تېمپېراتۇرا بەك يۇقىرى بولۇپ كەتسە، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ئۈنۈملۈك تەركىب ۋەيران بولۇپ كېتەتتى. تۇ يوۋيوۋ بۇنى بىلگەندىن كېيىن، قايناش نۇقتىسى تۆۋەن بولغان ئېرىتكۈچ ئارقىلىق تەجرىبىنى قايتىدىن لايىھەلەپ، ئاخىرىدا بەزگەككە قارشى يۈزدە يۈز ئۈنۈمگە ئىگە دورىنى ياساپ چىقتى.

بۇ ھەقىقەتەن غايەت زور بۆسۈش ئىدى، لېكىن ھەقىقىي خىزمەت تېخى ئەمدىلا باشلانغانىدى.

## تىرىشچانلىقنىڭ كۈچى

تەجرىبىدىن ئۆتكەن دورىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇنى ئىنسان تېنىدە سىناق قىلىش كېرەك ئىدى. لېكىن، ئەينى چاغدا خىتايدا يېڭى دورىلارنى سىناق قىلىدىغان مەركەز يوق ئىدى. شۇنداقلا، بۇ پروجېكتنىڭ مەخپىيلىكى سەۋەبلىك، چەتئەلدىكى ئاشۇ خىل مەركەزلەرگە بېرىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تەتقىقاتچىلار تېڭىرقاپ قالغانىدى.

ئەنە شۇ چاغدا تۇ يوۋيوۋ بۇ دورىنى ئالدى بىلەن ئۆز تېنىدە سىناق قىلماقچى بولدى. ئۇنىڭ گۇرۇپپىسىدىكى باشقا ئىككى تەتقىقاتچى شۇنداق قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى-دە، بۇ ئۈچەيلەن بەزگەك ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملاندۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆزلىرى ياساپ چىققان مەزكۇر دورىنى ئىشلەتتى ۋە دورا ئۈنۈمىنى كۆرسەتتى.

ھالبۇكى، تۇ يوۋيوۋ بۆسۈش خاراكتېرلىك دورىنى بايقىغان ۋە ھاياتىنى دوغا تىكىپ تۇرۇپ ئۇنى ئۆز ۋۇجۇدىدا سىنىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ بايقاشنى تاشقى دۇنياغا ئېلان قىلىشقا يول قويۇلمىدى. چۈنكى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر قانداق ئىلمىي ئۇچۇرلارنى ئېلان قىلىشقا قارشى قاتتىق چەكلىمىسى بار ئىدى.

لېكىن، تۇ يوۋيوۋ بۇنىڭلىق بىلەن بولدى قىلماستىن، تەتقىقاتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئاخىرىدا كۆك ئەمەننىڭ خىمىيەلىك قۇرۇلمىسىنى — بۇ بۈگۈن ئارتېمىسىنىن (artemisinin) دېگەن رەسمىي نام بىلەن تونۇلغان بىرىكمە ماددىدۇر — چۈشىنىپ يەتتى ۋە بەزگەككە قارشى ئىككىنچى دورىنى ياساپ چىقتى.

1978-يىلغا كەلگەندە، يەنى تۇ تەتقىقاتىنى باشلاپ ئون يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن كېيىن، ۋېيتنام ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ ئۈچ يىلدىن كېيىن، ئۇنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى ئاندىن دۇنياغا ئېلان قىلىندى. لېكىن، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى 2000-يىلغا كەلگەندە ئاندىن تۇ بايقىغان (كۆك ئەمەن ئارقىلىق) داۋالاش ئۇسۇلىنى بەزگەككە قارشى قوللىنىشنى تەۋسىيە قىلدى.

بۈگۈن ئارتېمىسىنىن بەزگەك بىمارلىرىغا بىر مىليارد قېتىمدىن كۆپرەك قوللىنىلدى ۋە مىليونلىغان كىشىنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇردى. تۇ يوۋيوۋ نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۇنجى ئايال خىتاي پۇقراسى،

شۇنداقلا تىببىي ساھەگە قوشقان زور تۆھپىسى سەۋەبلىك لاسكېر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۇنجى خىتاي بولۇپ قالدى.

## تەلەيمۇ، تىرىشچانلىقمۇ؟

تۇ يويويۇنىڭ تەلىيى ئانچە ياخشى ئەمەس، ئۇنىڭ ئاسپىرانتلىق ئۇنۋانى يوق، چەتئەلدە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغانلىق تەجرىبىسى يوق، شۇنداقلا ئۇ خىتايدىكى ھېچبىر دۆلەتلىك ئاكادېمىيەنىڭ ئەزاسىمۇ ئەمەس.

لېكىن، ئۇ بەل قويۇۋەتمەيدىغان زىيادە تىرىشچان تەتقىقاتچى. ئۇنىڭ ھېكايىسى تىرىشچانلىقنىڭ مۇۋەپپەقىيەت ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىملىقىنى دەلىللەيدىغان ياخشى مىساللاردىن بىرىدۇر.

يۇقىرىدا تۇرمۇشنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ تەلەي تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغانلىقى ئەقىلگە ئۇيغۇن دېگەن بولساق، تىرىشىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىمۇ ئوخشاشلا ئەقىلگە ئۇيغۇندۇر. سىز بىر ئىشنى تىرىشىپ قىلسىڭىز، كۆپىنچە چاغلاردا بوشراق تىرىشقاندىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىسىز. گەرچە بىز تەلەينىڭ مۇھىملىقىنى ئىنكار قىلالمىساقمۇ، ھەممەيلەن يەنىلا «تىرىشىشنىڭ چوقۇم پايدىسى بولىدۇ» دەپ ئويلايمىز.

ئۇنداقتا، مۇۋەپپەقىيەتنى زادى نېمە بەلگىلەيدۇ؟ تىرىشچانلىقمۇ ياكى تەلەيمۇ؟ مەنچە، ھەممىمىز بۇ ئىككىلا ئامىلنىڭ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلىمىز. شۇڭا، مەن بۇ ھەقتە سىلەرگە مۇنداق جاۋاب بەرمەكچى.

مەن بۇ مەسىلىگە مۇنداق ئىككى جەھەتتىن قارايمەن:

## مۇتلەق مۇۋەپپەقىيەت ۋە نىسپىي مۇۋەپپەقىيەت

يۇقىرىقى سوئالغا مۇنداق جاۋاب بېرىش مۇمكىن: مۇتلەق مەنىدىن ئېيتقاندا تەلەي مۇھىم، نىسپىي مەنىدىن ئېيتقاندا تىرىشچانلىق مۇھىم.

مۇتلەق نۇقتىئىنەزەردە، سىزنىڭ باشقىلارغا سېلىشتۇرغاندىكى مۇۋەپپەقىيەت دەرىجىڭىز نەزەردە تۇتۇلىدۇ. بىر ئادەم قانداق قىلغاندا مەلۇم ساھەدە دۇنيادىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر كىشىگە ئايلىنالايدۇ؟ بۇ قاتلامدىن قارىغاندا، مۇۋەپپەقىيەت ئاساسەن تەلەيگە باغلىق بولىدۇ. گەرچە سىز دەسلەپتە ـــ بىل گېيتسنىڭ كومپيۇتېر شىركىتى قۇرغىنىغا ئوخشاش ـــ توغرا يولنى تاللىغان تەقدىردىمۇ، دۇنياۋى نەتىجىلەرنى ھاسىل قىلىدىغان ئامىللارنىڭ ھەممىسنى ئاڭقىرىپ بولالمايسىز.

كۆپىنچە ھاللاردا، مۇۋەپپەقىيەت قانچە زور بولسا، مۇۋەپپەقىيەتكە تۆرتكە بولغان ئەھۋالاتلارمۇ شۇنچە رادىكال ۋە ئىمكانسىز بولىدۇ. ئادەتتە بۇ زۆرۈر نەسەب، زۆرۈر ئالاقە تورى، زۆرۈر پۇرسەت ۋە ھېچبىر ئاقىل مۆلچەرلەپ بولالمايدىغان مىڭلىغان باشقا ئامىللارنىڭ بىرىكمىسىدۇر.

يەنە بىرى نىسپىي نۇقتىئىنەزەر بولۇپ، بۇنىڭدا سىزنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىڭىز ئۆزىڭىزگە ئوخشاش كىشىلەرنىڭكىگە سېلىشتۇرۇلىدۇ. ئوخشاش دەرىجىدە مائارىپ تەربىيەسى ئالغان، ئوخشاپ كېتىدىغان مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلگەن ياكى ئىرسىي تالانتى يېقىن كېلىدىغان مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدىكى پەرقنى نېمە بەلگىلەيدۇ؟ شۇنىسى شەكسىزكى، بۇ كىشىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر پەرقلىقتۇر. سېلىشتۇرۇشنىڭ «يەرلىكلىك» تەركىبىي كۈچەيگەنسېرى، تىرىشچانلىقنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە كۆرسىتىدىغان تەسىرى شۇنچە زور بولىدۇ. يەنى سىز ئۆزىڭىزنى تەلىيى سىزنىڭكىگە يېقىن كېلىدىغانلارغا سېلىشتۇرسىڭىز، ئاراڭلاردىكى مۇۋەپپەقىيەت پەرقىگە سەۋەب بولىدىغىنى سىزنىڭ ئادىتىڭىز ۋە تاللىشىڭىز بولۇپ چىقىدۇ.

مۇتلەق مۇۋەپپەقىيەت تەلەيىنىڭ، نىسپىي مۇۋەپپەقىيەت بولسا تاللاش ۋە ئادەتلەرنىڭ مەھسۇلىدۇر.

بۇ تەبىردىن تەبىئىي ھالدا مۇنداق چۈشەنچىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ: نەتىجە قانچە رادىكال بولغانسېرى، تەلەيىنىڭ ۋەزنى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. يەنى سىز مۇتلەق مەنىدە بارغانسېرى مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندا، سىز تەلىيىڭىزنىڭ كۆپ قىسمىنى تەلەيىنىڭ مەھسۇلى دەپ قارىساق بولىدۇ.

ناسىم تالېب (Nassim Taleb) «تاسادىپىيلىقتا ئالدىنىش» دېگەن ئەسىرىدە يازغاندەك، «ئوتتۇراھال مۇۋەپپەقىيەتنى ماھارەت ۋە تىرىشچانلىق بىلەن ئىزاھلىغىلى بولسىمۇ، ئاشقۇن مۇۋەپپەقىيەتنى (تەلەيدىكى) پەرقتىن كۆرمەي ئامال يوق.»

## ھەر ئىككىلىسى راست

گاھىدا كىشىلەر بۇ ئىككى خىل قاراشنى تەڭ قوبۇل قىلىشتا قىينىلىدۇ، چۈنكى كىشىلەر مەسىلىگە يا يەرشارىۋى نۇقتىئىنەزەردىن، يا يەرلىك نۇقتىئىنەزەردىنلا قاراشقا كۆنۈككەن.

بىز يۇقىرىدا قەيت قىلغان «مۇتلەق نۇقتىئىنەزەر» بەكرەك ئومۇمىيلىقتا ئىگە. ئامېرىكادا باي ئائىلىدە تۇغۇلغان بىرەيلەن بىلەن دۇنيانىڭ باشقا جايىدا، كۈندىلىك كىرىمى بىر دوللارغىمۇ يەتمەيدىغان نامرات ئائىلىدە تۇغۇلغان كىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدىكى پەرقنى نېمە ئارقىلىق ئىزاھلاش كېرەك؟ مۇۋەپپەقىيەتكە بۇ خىل نۇقتىئىنەزەردىن قارىغاندا، كىشىلەر: «سەن قانداقمۇ ئۆزۈڭدىكى ئەۋزەللىكلەرنى كۆرمەسكە سالالايسەن؟ ساڭا قانچىلىك ئەۋزەل شارائىتلار ئاتا قىلىنغانلىقىنى ھېس قىلمىدىڭمۇ؟» دېيىشىدۇ.

«نىسپىي نۇقتىئىينەزەر» بولسا بەكرەك قىسمەنلىككە ئىگە. ئوخشاش مەكتەپتە ئوقۇغان، ئوخشاش بىر مەھەللىدە چوڭ بولغان ياكى ئوخشاش بىر شىركەتتە ئىشلەيدىغان كىشىلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئارىسىدىكى پەرقنى قانداق ئىزاھلاش كېرەك؟ مۇۋەپپەقىيەتكە بۇ خىل «يەرلىك» نۇقتىئىينەزەردە قارىغاندا، كىشىلەر دائىم مۇنداق دېيىشىدۇ: «چاقچاق قىلىۋاتمايدىغانسەن؟ مېنىڭ قانچىلىك تىرىشقانلىقىمنى، كىشىلەر تۆلىمگەن قانچىلىك بەدەللەرنى تۆلىگىنىمنى بىلەمسەن؟ مېنىڭ ئۇتۇقلىرىمنى <تەلەي> دەپ تۇرۇۋالساڭ، تىرىشچانلىقلىرىمنىڭ كۇرسىنى چۈشۈرگەن بولىسەن. ئەگەر مېنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىمنى نوقۇل ھالدا تەلەيىنىڭ ياكى مۇھىتنىڭ مەھسۇلى دېسەڭ، ئۇنداقتا قوشنىلىرىم، ساۋاقداشلىرىم، خىزمەتداشلىرىم نېمىشقا ماڭا ئوخشاش ئۇتۇققا ئېرىشەلمەيدۇ؟»

ئەمەلىيەتتە، يۇقىرىدىكى ھەر ئىككى خىل نۇقتىئىينەزەر توغرا، مەسىلە سىزنىڭ ھاياتقا قايسى نۇقتىدىن قارىشىڭىزغا باغلىق.

## مۇۋەپپەقىيەت يانتۇلۇقى

تەلەي بىلەن تىرىشچانلىق ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى تەكشۈرۈشنىڭ يەنە بىر ئۇسۇلى مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ قانداق تەسىرگە ئۇچرايدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىشتۇر.

مۇۋەپپەقىيەتنى گرافىكلاشتۇرغىلى بولىدۇ دەپ پەرەز قىلىڭ. ۋېرتىكال (Y) ئوق مۇۋەپپەقىيەتكە، گورىزونتال (X) ئوق ۋاقىتقا ۋەكىللىك قىلسۇن. سىز تۇغۇلغاندا، ۋېرتىكال ئوقىڭىزنىڭ كەسمە ئارىلىقى بەلگىلىنىپ بولىدۇ. تەلەيلىك تۇغۇلغانلارنىڭ گرافىكتىكى باشلىنىش نۇقتىسى ئېگىزرەك؛ شارائىتى مۈشكۈلرەك ئائىلىدە تۇغۇلغانلارنىڭ بولسا باشلىنىشى نۇقتىسى تۆۋەنرەك بولىدۇ.

بۇ يەردىكى ئاچقۇچلۇق نۇقتا شۇكى، سىز پەقەت مۇۋەپپەقىيىتىڭىزنىڭ يانتۇلۇق دەرىجىسىنىلا بەلگىلىيەلەيسىز، ئەمما باشلىنىش نۇقتىڭىزنىڭ ئېگىز-پەس بولۇشىنى بەلگىلىيەلمەيسىز.

مەن «Atomic Habits» دېگەن ئەسىرىمدە شۇنداق دەپ يازغانىدىم: «سىزنىڭ ھازىر نە قەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك ياكى مۇۋەپپەقىيەتسىز ئىكەنلىكىڭىز مۇھىم ئەمەس. مۇھىمى ئادەتلىرىڭىزنىڭ سىزنى مۇۋەپپەقىيەت يولىغا كىرگۈزەلىگەن-كىرگۈزەلمىگەنلىكىدۇر. سىز نۆۋەتتىكى مۇۋەپپەقىيەت ئەھۋالىڭىزدىن بەكرەك، نۆۋەتتە مېڭىۋاتقان يولىڭىزنىڭ توغرا-خاتالىقىغا كۆڭۈل بۆلۈشىڭىز كېرەك.»

سىز مۇسبەت يانتۇلۇق ھەمدە يېتەرلىك دەرىجىدىكى تىرىشچانلىق ۋە ۋاقىت ئارقىلىق تەلىيىڭىزنىڭ «كاجلىقى» سەۋەبلىك قولدىن بېرىپ قويغان نەتىجىلەرنىمۇ قولغا كەلتۈرەلەيسىز. مەنچە تۆۋەندىكى سۆز بۇ نۇقتىنى كۆڭۈلدىكىدەك خۇلاسىلىگەن: «مۇسابىقە باشلىنىپ قانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەنسېرى، باشقىلارنىڭ مۇسابىقىنىڭ باشلىنىشىدىكى ئەۋزەللىكىنىڭ ۋەزنى شۇنچە تۆۋەنلەيدۇ.»

ئەلۋەتتە، بۇ ھۆكۈم ھەرۋاقىت كۈچكە ئىگە بولۇۋەرمەيدۇ. ئېغىر ئاغرىق سالامەتلىكىڭىزنى كاردىن چىقىرىشى؛ پېنسىيە فوندىنىڭ ۋەيران بولۇشى سىزنى قاق سەنەم قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. يەنە شۇنىڭدەك،

**تەلەي گاھىدا سىجىل ئەۋزەللىك ئېلىپ كېلىشى (ياكى قولايسىزلىق تۇغدۇرۇشى) مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، بىر تۈرلۈك تەتقىقاتتا ئىسپاتلىنىشىچە، مۇۋەپپەقىيەتنى بايلىق بىلەن ئۆلچىگەندە، ئەڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان (يەنى ئەڭ كۆپ پۇل تاپقان) كىشىلەر ئوتتۇراھال تالانتلىق، ئەمما دائىم تەلىيى ئوڭدىن كېلىدىغان ئادەملەر ئىكەن.**

**قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ ئىككىسىنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. بۇ ئىككىلىسى ئىنتايىن مۇھىم. ھالبۇكى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، تىرىشچانلىقنىڭ ئەھمىيىتى بارغانسېرى كۆچىيىپ بارىدۇ.**

**بۇ «كاج تەلەي»دىن مەنبەلەنگەن مۈشكۈلاتلارنى يېڭىشتىلا ئەمەس، بەلكى تەلەيدىن پايدىلىنىشتىمۇ ئوخشاشلا كۈچكە ئىگە. بىل گېيتس تارىخ مۇساپىسىدىكى توغرا پەيتتە مىكروسوفتنى قۇرالىغۇدەك دەرىجىدە تەلەيلىك بولۇشى مۇمكىن. لېكىن شۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە ئون يىللىق تىرىشچانلىق بولمىغان بولسا دەسلەپكى پۇرسەت زايە بولغان بولاتتى. ئەگەر لايىقىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىلمىسە، ۋاقىت ھەرقانداق ئەۋزەللىكنى يوقىتىۋېتەلەيدۇ. گاھىدا مۇۋەپپەقىيەتنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، تەلەيمۇ تىرىشچانلىققا موھتاج بولىدۇ.**

## قانداق قىلغاندا تەلەيلىك بولغىلى بولىدۇ؟

**ئەسلىدە، تەلەي كىشىنىڭ كونتروللۇقىدىن ھالقىغان ئىشتۇر. لېكىن شۇنداقتىمۇ، تەلەينىڭ ھاياتتا قانداق رول ئوينايدىغانلىقىنى ۋە تەسىر كۆرسىتىش مېخانىزمىنى چۈشىنىش ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى، شۇنداق بولغاندا سىز تەلەي (ياكى بىتەلەيلىك) نىڭ يېتىپ كېلىشىگە پۇختا تەييارلىق قىلالايسىز.**

**سىز ھەرىكەت قىلىش ئارقىلىق تەلەينىڭ يېتىپ كېلىشى ئۈچۈن تېخىمۇ كەڭ زېمىن ھازىرلىيالايسىز. ئوزۇقلۇق تېپىش ئۈچۈن كەڭ كۆلەمدە ئىزدەنگۈچى نۇرغۇن شورلۇق يەرلەرنى ئۇچرىتىشى مۇمكىن، ئەمما ئۇلارنىڭ مېۋىزارلىقنى ئۇچرىتىش نىسبىتىمۇ ئۆيىدىن چىقماي ئولتۇرغانلارغا قارىغاندا يۇقىرى بولىدۇ. غوللۇق مۇسابىقىلەردە توققۇز قېتىم چېمپىيون بولغان داڭلىق گولف توپ ماھىرى گارىي پىلېير: «قانچە جاپالىق مەشق قىلسام، شۇنچە تەلەيلىك بولۇپ كېتىمەن» دېگەنىدى.**

**خۇلاسە كالام، بىز تەلىيىمىزنى ـــ مەيلى ياخشى، مەيلى يامان بولسۇن ـــ كونترول قىلالمايمىز-يۇ، لېكىن تىرىشچانلىقىمىزنى ۋە تەييارلىقىمىزنى كونترول قىلالايمىز. تەلەي ھەممىمىزگە پات-پاتلا قۇچاق ئاچىدۇ. لېكىن، شۇ چاغدا ئۇنى چىڭ تۇتالاش ئۈچۈن چوقۇم تىرىشىپ، پۇختا تەييارلىق كۆرۈش لازىم.**

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https:// jamesclear.com/luck-vs-hard-work



# خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ يىگىرمىنچى قۇرۇلتىيى ۋە ئامېرىكا-خىتاي ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى

ئېرىل كار

# خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ يىگىرمىنچى قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ ئامېرىكا ـ خىتاي ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرلىرى

ئېرىل كار

(بۇ ماقالە «فوربېس» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان)

خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ 20 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيى 2022 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن 22 ـ كۈنىگىچە ئېچىلدى. مەزكۇر قۇرۇلتاينىڭ بىۋاسىتە تەسىرلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە، نازداك (Nasdaq) «ئالتۇن ئەجدىھا خىتاي كۆرسەتكۈچى»نىڭ، يەنى ئامېرىكادا بازارغا سېلىنغان خىتاي پاي چېكلىرىنىڭ قىممىتى يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيەگە چۈشۈپ، بازار قىممىتى 73 مىليارد دوللاردىن كۆپرەك تۆۋەنلەپ كەتتى. پاي چېكى ئىگىلىرىنىڭ مەزكۇر خىتاي پاي چېكلىرىنى بەس ـ بەستە قولدىن چىقىرىۋېتىشى ئۇلارنىڭ خىتايدا ھېلىھەم داۋاملىشىۋاتقان «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» سىياسىتىدىن ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىنىڭ، شۇنداقلا شى جىنپىڭنىڭ ۋە ئۇنىڭ گۇماشتىلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى خىتاينىڭ خۇسۇسىي ئىگىلىك ئىسلاھاتى ۋە ئىقتىسادىي سىياسىتىگە بولغان ئەندىشىسىنىڭ دالالىتىدۇر. ھالبۇكى، گەرچە نۇرغۇن تاراتقۇلار ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان يىرىكچىلىككە بولغان تەشۋىشنى ئىزھار قىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدا كۈچلۈك سودا مۇناسىۋىتى مەۋجۇت بولۇپ، بۇ مۇناسىۋەت بىر كېچىدىلا يوقاپ كەتمەيدۇ. تارگېت (Target) ۋە ۋولمارت (Walmart) قاتارلىق شىركەتلەرنىڭ ئامېرىكا ئىستېمالچىلىرىغا ئەرزان باھالىق تاۋارلارنى سېتىش ئىقتىدارى ئىزچىل ھالدا ئامېرىكا ـ خىتاي ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىنىڭ ئۇل تېشى بولۇپ كەلدى. بۇنىڭدىن سىرت، خىتاي يولۇچىلار ئاپتوموبىلى جەمئىيىتىگە (CPCA) كۆرە، تېسلا قاتارلىق ئامېرىكا ئاپتوموبىل ئېكسپورتچىلىرى بۇ يىل 9 ـ ئايدا خىتايدا ئىشلەنگەن توكلۇق ئاپتوموبىلدىن 83135 نى تاپشۇرغان بولۇپ، بۇ 8 ـ ئايدىكىگە سېلىشتۇرغاندا سەككىز پىرسەنت ئېشىپ، ئايلىق رېكورتنى بۇزدى. 2022 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى توققۇز ئېيىدا، خىتاينىڭ ئاپتوموبىل ئېكسپورتى ئەللىك پىرسەنتتىن كۆپرەك ئېشىپ، مال چىقىرىش مىقدارى ئىككى مىليوندىن ئاشتى. مۆلچەرلىنىشىچە، بۇ يىلدىكى ئېنېرگىيە كرىزىسى، ئۇكرائىنا ئۇرۇشى ۋە يەر شارى تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ زەربىگە ئۇچرىشى قاتارلىق ئامىللارغا قارىماستىن، بۇ يىل خىتايدىكى توكلۇق ئاپتوموبىل سېتىلىش مىقدارى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىنىڭ ئومۇمىي مىقدارىدىنمۇ كۆپ

بولىدىكەن. گەرچە «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» سىياستى خىتاي ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىغا داۋاملىق تۇسالغۇ بولىدۇ دەپ قارالسىمۇ، ئەمما «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» سىياستىنىڭ مەڭگۈ داۋاملاشمايدىغانلىقى رېئاللىقتۇر.

خىتاينىڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر شى جىنپىڭ ئۈچىنچى قېتىم ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» چەكلىمىلىرىنى بوشىتىپ، ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە شارائىت هازىرلىشىدىن ئۈمىد كۈتكەنىدى. هالبۇكى، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ 20 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىدىكى ۋە شۇنىڭدىن بۇيانقى نۇتۇق ـ باياناتلارنىڭ هېچبىرىدە «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» چەكلىمىلىرىنىڭ بوشاشتۇرۇلىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنىپ باقمىدى. ئەكسىچە، تاجىسمان ۋىرۇس يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈشنىڭ «مۇۋەپپەقىيەتلىرى» قۇرۇلتاي مەزگىلىدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بىردەك ماختالغانلىقتىن، نۇرغۇن كىشىلەر «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» سىياستىنىڭ ئىقتىسادقا قانداق تەسىر يەتكۈزۈشىدىن قەتئىينەزەر، ئىزچىل داۋاملىشىدىغانلىقىغا ئىشەندى.

ئەمگەك كۈچى تەننەرخىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى، «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى» ۋە باشقا قانۇنلار، سودا ئۇرۇشلىرى ۋە «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» سىياستىنىڭ داۋاملىشىشى شىركەتلەرنىڭ سودا قىلىش ئۈچۈن خىتايدىن باشقا دۆلەتلەرنى ئىزدىشىگە سەۋەب بولدى. يەنى بۇ خىل تۈپتىن قارىمۇقارشى مەۋقەلەر شىركەتلەرنىڭ (خىتايغىلا باغلىنىپ قالماستىن، ت) «خىتاي+باشقا جاي» ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشىغا تۈرتكە بولدى. ئۇلار مۇهىم كەسىپلىرىنى خىتاي بازىرىدا قالدۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق خىتاي بازىرىدىن مەهرۇم قالماسلىققا كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ۋېيتنام، سىنگاپور قاتارلىق شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىدە باشقا ئىمكانىيەتلەرنى ئىزدەشكە باشلىدى. هالبۇكى، خىتاي يەنىلا ئامېرىكا شىركەتلىرى تىجارەت قىلالايدىغان ئەڭ چوڭ بازارلارنىڭ بىرىدۇر.

نەتىجىدە، كارخانىلار ئۆزلىرىنىڭ تەمىنلەش زەنجىرىنى يۇقۇم قامالى، ئامېرىكانىڭ جازاسى ۋە باشقا يوشۇرۇن خەۋپ ئامىللىرىنىڭ زىيىنىغا ئۇچراتماسلىق ئۈچۈن، خىتايغا يېقىندىن مەبلەغ سېلىش قەدىمىنى ئاستىلاتماقتا. گولدمان ساكس (goldman sachs) شىركىتىنىڭ خەۋپكە مەسئۇل سابىق باش ئەمەلدارى ۋە مونترېئال بانكىسىنىڭ (BMO) مۇدىرىيەت ئەزاسى كرېيگ برودېرىك (Craig Broderick) مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ئامېرىكا بىلەن خىتاينىڭ يوللىرى كۆرۈنەرلىك هالدا بۆلۈنمەكتە. هەر ئىككى تەرەپ ئىقتىسادىي، تېخنىكا ۋە كۈلتۈرەل ئىختىلاپنىڭ ئۆزلىرىنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى، ئەمما ئۇلار هازىرچە مۇشۇنداق قىلىش (يەنى چىقىمغا قارىماستىن ئىركىشىش) ئەرزىيدۇ دەپ قارىماقتا. لېكىن، رېئاللىق شۇكى، تولۇق هېساب ـ كىتاب قىلىش ئۈچۈن چوقۇم يېتەرلىك ۋاقىت بولۇشى كېرەك. شۇنداقلا بۇ جەرياندا ئاقىۋەتنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان نۇرغۇن ئىشلار بار.»

«يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» سىياستىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان چەتئەل شىركەتلىرى

«ئامېرىكا ـ ختاي سودا كومىتېتى»نىڭ 2022 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئېلىپ بېرىلغان 2022 ـ يىللىق ئەزالىق تەكشۈرۈشىگە كۆرە، زىيارەت قىلىنغۇچىلارنىڭ 96 پىرسەنتىنىڭ ختايدىكى سودىسى (يۇقۇمغا ئالاقىدار) كونترول قىلىش تەدبىرلىرىنىڭ سەلبىي تەسىرىگە ئۇچرىغان، زىيارەت قىلىنغۇچىلارنىڭ يېرىمىغا يېقىنى ئۆزلىرىنىڭ ختايدىكى سودىسىنىڭ ئېغىر سەلبىي تەسىرگە ئۇچرىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇ چەكلەش تەدبىرلىرى يەنە شىركەتلەرنىڭ تەڭدىن تولىسىنىڭ كەلگۈسى سودىلىرىغا ۋە مەبلەغ سېلىش پىلانىغا تەسىر كۆرسەتكەن.

«يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» سىياستى يەنە ئىختىساسلىقلارنىڭ ئازىيىشىغا سەۋەب بولدى. ئامېرىكا ختاي پۇقرالىرىغا تارقاتقان غەيرىي كۆچمەنلەر ۋىزىسىنىڭ نىسبىتى بويىچە ئۆلچىنىدىغان ختاي پۇقرالىرىنىڭ نىسبىتى 2018 ـ يىلىدىكى 16 پىرسەنتتىن 2021 ـ يىلى تۆت پىرسەنتكە چۈشۈپ قالدى. بۇ ھەم پىكىر ۋە يېڭىلىقلارنىڭ، ھەم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالمىشىش سالمىقىنى تۆۋەنلەتتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن، ختاي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئامېرىكىدا STEM (پەن، تېخنىكا، ئىنژېنېرلىق ۋە ماتېماتىكا) ئۇنۋانلىرىغا ئېرىشىش تەلىپى ھازىرمۇ، مۆلچەرلىگىلى بولىدىغان كەلگۈسىدىمۇ داۋاملىق تۈردە ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدۇ. ئىلغار ئىقتىسادىي گەۋدىلەردىكى شىركەتلەر نۇرغۇن ساھەلەردە، تېخنىكا جەھەتتە ختاي شىركەتلىرىگە سېلىشتۇرغاندا يەنىلا ئەۋزەللىككە ئىگە.

## يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ۋە ھېسابلاش تېخنىكىسى چەكلىمىلىرى

(ختايغا قارىتا) تاموژنا بېجىنىڭ ئاشۇرۇلۇشى ياكى جازا تەدبىرى قوللىنىلىش مۇمكىنچىلىكى ئامېرىكا كارخانىلىرىنى ئەندىشىگە سالىدىغان بىر يوشۇرۇن ئامىلدۇر. 10 ـ ئاينىڭ بېشىدا، پرېزدېنت بايدىن مەمۇرىي بۇيرۇق ئىمزالاپ، Nvidia ۋە AMD شىركەتلىرىنىڭ بىر قىسىم گرافىك بىر تەرەپ قىلىش بۆلەكلىرىنى (GPU) ختايغا ئېكسپورت قىلىشنى چەكلىدى. ھالبۇكى، بۇ گرافىك بىر تەرەپ قىلىش بۆلەكلىرى يۇقىرى تەلەپلىك ھېسابلاش ۋە سۈنئىي ئەقلىنى (artificial intelligence) تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم.

بۇ يېڭى ئېكسپورت چەكلىمىسى ختاينىڭ يۇقىرى تېخنىكىلىق كەسىپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلغان مەۋجۇت چەكلىمىلەرنى ئاساس قىلغان. ئامېرىكا ئۇزۇندىن بۇيان ختاينىڭ ئۆز ئالدىغا يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ئۆزىكى ۋە گرافىك بىر تەرەپ قىلىش بۆلەكلىرىنى (GPU) ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كەلدى. چۈنكى، بۇ ئىقتىدار ختاينىڭ كەلگۈسىدە ئامېرىكا بىلەن تېخنىكا جەھەتتە رىقابەتلىشەلىشى ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈردۇر. ئامېرىكا

بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى رىقابەتنىڭ داۋاملىشىشىغا ئەگىشىپ، بۇ خىل كونترول تەدبىرلىرىنىڭ دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىشى مۇمكىن.

## نىشانلىق ھالدا ئايرىش

يۇقىرى تېخنىكا ساھەسىنىڭ سىرتىدىكى شىركەتلەرمۇ قوشۇمچە تاموژنا بېجى ۋە جازادىن ئەنسىرەشمەكتە. بۇنىڭغا قارىتا، ئامېرىكا يۇقىرى تېخنىكا ساھەسى بىلەن باشقا ساھەلەرنى ئىستراتېگىيەلىك ھالدا ئايرىپ مۇئامىلە قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقاندەك قىلىدۇ. خىتايدىكى نۇرغۇن شىركەتلەرگە نىسبەتەن، ئەگەر ئۇلار ئەرزان باھالىق ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلاشتۇرمىسىدىن بالدۇر چېكىنىپ چىقسا، تەننەرخ جەھەتتە رىقابەتچىلىرىگە سېلىشتۇرغاندا پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ. ھالبۇكى، ئەگەر ئۇلار كەلگۈسىدە يېتەرلىك مەبلەغ سالمىسا، كېلەر قېتىم كۆتۈلمىگەن جىددىي ئەھۋال يۈز بەرگەندە، كۆچلۈك تەمىنلەش زەنجىرى تاپالماسلىق خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ. مەسىلەن، ئېلېكترون مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېكسپورتى خىتاي بازىرىدا 2015-يىلدىن 2022-يىلغىچە 1.5 ھەسسە ئېشىپ، نۆۋەتتە قىممىتى 900 مىليارد دوللارغا يېقىنلاشقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ بازارنىڭ ئۆلۈشى ئىزچىل ھالدا مالايسىيا، ئىرېلاندىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە بۆلۈندى.

## ئامېرىكا-خىتاي مۇناسىۋىتىدىكى ئۈمىد نۇرى

گەرچە خىتاي بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى كۆنسېرى كۆچىيىۋاتقان جىددىيلىك كىشىنى ئەندىشىگە سالسىمۇ، مەسىلىگە ئاقىلانە مۇئامىلە قىلىش ناھايىتى مۇھىم. خىتاي بىلەن ئامېرىكانىڭ رەسمىي دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى 1979-يىلى باشلاندى ھەمدە ئۆتكەن قىرىق يىلدا، گېئوپولىتىكا جەھەتتە تۈرلۈك ئېگىز-پەسلىكلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، بازارغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى. ئامېرىكا پرېزىدېنتى جوۋ بايدېن بىلەن خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ مۇشۇ ئايدا بالى ئارىلىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان G20 يىغىنىدا كۆرۈشمەكچى. بۇنىڭدىن سىرت، ئامېرىكا مۇپەتتىشلىرى بۇ ھەپتە خىتاي شىركەتلىرىگە قارىتىلغان تۇنجى قېتىملىق نەق مەيدان تەكشۈرۈشنى مۇددەتتىن بۇرۇن تاماملىدى. گەرچە بۇ ھەقتىكى ئاخىرقى دوكلات تېخى ئېلان قىلىنمىغان بولسىمۇ، بۇ يۈزلىگەن پاي چېكىنىڭ بازاردىن چېكىندۈرۈلۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەھەتتىكى ئىلگىرىلەشنىڭ ئىپادىسىدۇر. گېرمانىيە باش مىنىستىرى ئولاف شولىز بۇ ھەپتە گېرمانىيە سودا ساھەسىنىڭ سەركىلىرىنى باشلاپ، خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ بېيجىڭدىكى ۋاقتىدا: «بۇ mRNA ۋاكسىنىسىنىڭ خىتايدا تۇنجى قېتىم چەتئەللىك ئاھالىلەرگە ئىشلىتىلىشىنىڭ تەستىقلانغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر» دېدى.

10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، «خىتاي رەھبەرلىرى <يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش> سىياستىنى پەيدىپەي ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ» دېگەن پەرەزلەر ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن، خوڭكوڭدا بازارغا سېلىنغان خىتاي پاي چېكلىرىنىڭ قىممىتى يەتتە پىرسەنت ئۆرلىدى. شۇنداقلا، ئۇشبۇ پەرەزنىڭ تەسىرى خىتاي بازىرىدىن ھالقىپ كەتتى. ئامېرىكا پاي چېكى بازىرىدىكى قەرەللىك پاينىڭ باھاسىمۇ ئۆرلىدى، تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك ئاسىيا پاي چېكلىرىمۇ ئىككى پىرسەنتتىن كۆپرەك ئۆستى. بۇ ھەپتە يەنە خىتاينىڭ ۋىرۇس يۇقۇمدارلىرىنى خىتايغا ئېلىپ كەلگەن ئاۋئىئاتسىيە شىركەتلىرىنى جازالايدىغان سىستېمىنى بىكار قىلىشنى پىلانلاۋاتقانلىقى ئېلان قىلىندى، بۇنىمۇ «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» چەكلىمىلىرىنى پەسەيتىشنىڭ ئىجابىي ئالامىتى دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئامېرىكانىڭ شاڭخەيدىكى باش كونسۇلخانىسىنىڭ سابىق باش كونسۇلى كېنىس جارېت (Kenneth Jarrett) مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «خىتاينى <يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش> سىياستىنى بوشىتىشقا قىستايدىغان ئىقتىسادىي بېسىم ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ تېخىمۇ كۈچىيىدۇ، شۇنداقلا ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىن كېلىدىغان سېتىۋېلىش تەلىپىنىڭ ئاجىزلىشىشى بۇ بېسىمنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. («يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» چەكلىمىسى جەھەتتىكى) بۇ ئۆزگىرىشلەر بىراقلا ئەمەس، بەلكى باسقۇچلۇق بولىدۇ، ئەمما كەلگۈسى ئالتە ئاي ئىچىدە چەكلىمىلەر پەسىيىشى مۇمكىن». نۇرغۇن ئامېرىكالىقلار ئامېرىكا ئىقتىسادى قايتىدىن ئېچىۋېتىلگەن، كارانتىن چەكلىملىرى بىكار قىلىنغان، ئامىمىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن كۈننى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ. 1 مىليارد 400 مىليون نوپۇسى بار بىر دۆلەتتە «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» چەكلىمىلىرىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى ۋە بۇنىڭ ئامېرىكاغا ئوخشاش دۇنياۋى ئىقتىسادىي گەۋدىلەرگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://www.forbes.com/sites/earlcarr/2022/11/05/chinas-20th-party-congress-and-critical-implications-for-us-sino-economic-relations/?sh=9903d8e3493c



# ئومېگا 3 ھەققىدە مۇھىم مەلۇماتلار

دوكتور ياۋۇز يۆرۈكئوغلى

# ئومېگا 3 ھەققىدە مۇھىم مەلۇماتلار

پروفېسسور دوكتور ياۋۇز يۈرۈكئوغلى[1]

ئومېگا 3 ياغ كىسلاتالىرى بەدىنىمىز ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم بولۇپ، ئومېگا 3 بەزى ياغلارغا ئوخشاش بەدىنىمىزدە مېتابولىزم ئارقىلىق شەكىللىنەلمەيدىغان بولغاچقا، ئۇنى چوقۇم يېمەكلىكلەر ئارقىلىق قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. بۇ سەۋەبتىن، ئۇلار زۆرۈر ياغلار دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنداقتا، بىز تۆۋەندە پەۋقۇلئاددە پايدىلىق بۇ ياغ بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى.

زەيتۇن يېغى ۋە قاتتىق پوستلۇق مېۋىلەردىكىگە ئوخشاش، ئومېگا 3 ياغ كىسلاتالىرى كۆپ ـ تويۇنمىغان ياغ (Polyunsaturated fat ـــ تەركىبىدىكى ھىدرو ـ كاربون زەنجىرىدە ئىككى ياكى ئېخىمۇ قوش باغ [double bond] بار بولغان ياغلار، ت) گۇرۇپپىسىغا تەۋەدۇر.

ئومېگا 3 ياغ كىسلاتالىرىنىڭ ئەڭ مۇھىملىرى DHA، EPA، ALA بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە DHA ۋە EPA گۇرۇپپىلىرىدىكى ئومېگا 3 ياغ كىسلاتالىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم يېمەكلىك مەنبەسى بېلىقلاردۇر. تەركىبىدە ئومېگا 3 ياغ كىسلاتالىرى ئەڭ مول بولغان بېلىقلار شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان سالمون بېلىقى، يوغانباش بېلىققا ئوخشاش شىمالىي دېڭىزلاردىكى بېلىقلار، ماكېرىل بېلىقى، تۇنا بېلىقى، قىزىل ئوقيا بېلىق، يۈرېل بېلىقى، ساردىن بېلىقى ۋە كىچىك تۇزلۇق سۇ بېلىقى قاتارلىقلاردۇر.

ALA گۇرۇپپىسىدىكى ئومېگا 3 لەر بولسا ئۆسۈملۈكلەردە ئېخىمۇ مول. تەركىبىدە ALA گۇرۇپپىسىدىكى ئومېگا 3 ياغ كىسلاتاسى ئەڭ مول بولغان ئۆسۈملۈكلەر ياڭاق، زىغىر، چىيا ئۇرۇقى (chia seeds)، سېمىز ئوت، چېچەك كۆكتات (broccoli)، پالەك، زەيتۇن يېغى قاتارلىقلاردۇر.

بېلىقلاردا بار بولغان DHA ۋە EPA گۇرۇپپىلىرىدىكى ئومېگا 3 ياغ كىسلاتالىرىنىڭ ساغلاملىققا بولغان پايدىسى ALA گۇرۇپپىسىدىكى ئومېگا 3 كە قارىغاندا ئېخىمۇ زور. لېكىن، ALA مەنبەلىك يېمەكلىكلەرنىڭ تەركىبىدە ئومېگا 3 تىن سىرت، ۋىتامىن، مىنېرال ماددىلار ۋە ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرغۇچى ماددىلار مول بولغاچقا، بۇ گۇرۇپپىدىكى ئومېگا 3 كىمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئەڭ ياخشىسى ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈك مەنبەلىك ئومېگا 3 لەرنى بىللە ۋە تەڭپۇڭ رەۋىشتە ئىستېمال قىلىش كېرەك.

---

[1] تۈركىيەدىكى داڭلىق يۈرەك ـ قان تومۇر كېسەللىكلىرى مۇتەخەسسىسى

ئومېگا 3 ياغ كىسلاتالىرى بەدىنىمىزدىكى بارلىق تولۇقلىمىلار ۋە ھۈجەيرىلەرنىڭ قۇرۇلمىسىدىن، ھۈجەيرىمىزنىڭ دىۋارىدىن ئورۇن ئالىدىغان ئىنتايىن مۇھىم بىر ئېلېمېنتتۇر. ئۇ يەنە نۇرغۇن ھورموننىڭ قۇرۇلمىسىدىنمۇ ئورۇن ئالىدىغان بولۇپ، يۈرەك، ئۆپكە ۋە ئىممۇنىتېت سىستېمىسىنىڭ ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەسىلەن، ئۇلار ترىگلىتسېرىدنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قاندىكى زىيانلىق ماي ۋە خولېستېرىننىڭ مىقدارىنى تۆۋەنلىتىپ، يۈرەك ـ قان تومۇر كېسەللىكلىرىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى خەتەرلىك ئامىل بولغان ياللۇغنى تىزگىنلەيدۇ. ئۇلار يەنە يۈرەك سوقۇش رىتىمسىزلىقىنى تىزگىنلەيدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇلار يۈرەك ـ قان تومۇر كېسەللىكلىرىنىڭ، ھەتتا بەزى راكلارنىڭ، ئالزىمېر كېسەللىكىنىڭ، چۈشكۈنلۈكنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئومېگا 3 ياغ كىسلاتالىرىنىڭ قان بېسىمنى تۆۋەنلىتىش ۋە قاننى شالاڭلىتىش جەھەتتىمۇ مەلۇم رولى بار.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگىنىدەك، ئومېگا 3 ياغ كىسلاتاسى ئاستا خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنىڭ، بولۇپمۇ يۈرەك ۋە مېڭە كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم.

ئامېرىكا دۆلەتلىك يۈرەك جەمئىيىتى ھەپتىدە كەم دېگەندە ئىككى قېتىم 150~200 گرام مايلىق بېلىق يېيىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئەمما رېئال تۇرمۇشتا، قايسىمىز ھەپتىدە ئىككى، يىلدا كەم دېگەندە 104 ۋاخ بېلىق يېيەلەيمىز؟ يەنە كېلىپ بىز يەيدىغان بېلىقنىڭ سۈپىتىمۇ ئىنتايىن مۇھىم، قىزارتىپ پىشۇرۇلغان كىچىك تۇزلۇق سۇ بېلىقى ياكى مايدا پىشۇرۇلغان گاسكون بېلىقى ھەرقانچە لەززەتلىك بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ قانچىلىك «ساغلام» ئىكەنلىكىگە سوئال قويماي بولمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بەزى كىشىلەر ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بېلىق يېيەلمەيدۇ. لېكىن، بۇ خىل ئەھۋالدا، ئۆسۈملۈك مەنبەلىك ئومېگا 3 ياغ كىسلاتالىرى بەدەننىڭ زۆرۈر ئېھتىياجىنى ئۆز ئالدىغا تولۇق قاندۇرالمايدۇ.

ئامېرىكادا ئېلىپ بېرىلغان كەڭ كۆلەملىك تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە، كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئومېگا 3 ياغ كىسلاتالىرى جەھەتتىكى ئوزۇقلىنىشى يېتەرسىز ئىكەن. بىزنىڭ ئەھۋالىمىزمۇ بۇنىڭدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. دېمەك، كۆپىنچىمىز ئوزۇقلۇق جەھەتتىكى بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇشىمىز كېرەك. لېكىن، بۇنى قانداق تولدۇرىمىز؟ بۇنىڭ جاۋابىنى تېپىش ئۈچۈن، ئىلىم ـ پەن ئورگانلىرىنىڭ بۇ جەھەتتە نېمىلەرنى تەۋسىيە قىلغانلىقىغا قاراپ باقايلى.

ئامېرىكا دۆلەتلىك سەھىيە ئىنستىتۇتى ۋە يۈرەك كېسەللىكلىرىنى داۋالاش جەھەتتە مۇراجىئەتگاھقا ئايلانغان ئامېرىكا يۈرەك جەمئىيىتىنىڭ 2020 ـ يىلى يېڭىلانغان تەۋسىيەلىرىگە كۆرە:

بەدىنىدىكى ترىگلىتسېرىد مىقدارى يۇقىرى، تاجسىمان يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش خەۋپى بار كىشىلەر كۈنىگە 2000 ~ 3000 مىللىگرام؛

تاجسىمان يۈرەك كېسىلى خەۋپ ئامىلى بار بولغان ساغلام كىشىلەر كۈنىگە 1000 مىللىگرام؛

تاجىسمان يۇرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار بولسا كۈندە 2000 مىللىگرام ئومېگا 3 تولۇقلىمىسى ئىشلىتىشى كېرەك.

ئومېگا 3 تولۇقلىمىسى پايدا قىلىدىغان يەنە بىر كېسەللىك تۈرى نېرۋا ئاجىزلاش خاراكتېرلىك كېسەللىكلەر، بولۇپمۇ ئالزىمېر كېسىلىدۇر. ئالزىمېر كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش خەۋپى بارلارغا كۈنىگە 1000 مىللىگرام، ئالزىمېر كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارغا كۈنىگە 2000 مىللىگرام ئەتراپىدا ئومېگا 3 تولۇقلاش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

تەركىبىدە بېلىق يېغى بار ئومېگا 3 تولۇقلىمىلىرىغا ئالاقىدار ئەندىشىلەردىن بىرى ئۇنىڭ تەركىبىدە ئېغىر مېتاللار بار بولۇشى ئېھتىماللىقىدۇر. ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغان چوڭ بېلىقلاردىن ئېلىنغان بېلىق مېيىدا ئېغىر مېتاللار تېخىمۇ كۆپرەك بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۆمرى قىسقا ــ ھەتتا پەسىللىك دېيىشكە بولىدىغان ــ كىچىك بېلىقلاردىن ئېلىنغان مايلار تېخىمۇ ساغلامدۇر. يېقىنقى يىللاردا ئىشلەپچىقىرىلغان بېلىق مايلىرى مەھسۇلاتلىرىدا بۇ نۇقتىغا خېلى ئەھمىيەت بېرىلمەكتە.

سۆزىمىزنى خۇلاسىلىسەك، ئومېگا 3 ياغ كىسلاتاسى ھەرقانداق ياشتىكىلەر ئۈچۈن يېمەك ـ ئىچمەك ۋە ساغلاملىقىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن بىرىدۇر. EPA ۋە DHA گۇرۇپپىلىرىدىكى ئومېگا 3 لەرنىڭ ئەڭ مۇھىم مەنبەسى بولغان بېلىقلار يېمەكلىكلىرىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇشى كېرەك. بۇ جەھەتتە، ھەپتىدە كەم دېگەندە ئىككى ۋاخ بېلىق يېيىشنى پىلانلاڭ ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ALA گۇرۇپپىسىدىكى ئومېگا 3 نىڭ مەنبەسى بولغان ئۆسۈملۈك يېمەكلىكلىرىنىمۇ تەرك ئەتمەڭ. ئەگەر ئومېگا 3 جەھەتتىكى ئوزۇقلىنىشىڭىزنى يېتەرسىز دەپ قارىسىڭىز، كۈندە 1000 مىللىگرام ئومېگا 3 تولۇقلىمىسى ئىستېمال قىلىشىڭىز سىز ئۈچۈن پايدىلىق.

ئەگەر سىزدە كېسەللىك خەۋپى كۆرۈلسە ياكى مەلۇم بىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان بولسىڭىز، ئومېگا 3 نى قانداق ئىستېمال قىلىش ھەققىدە دوختۇردىن مەسلىھەت سوراڭ.

ئۆتكۈر ئالماس تەييارلىدى

مەنبە:

https://www.youtube.com/watch?v=uR7py699PKk&ab_channel=Prof.Dr.YavuzYörükoğlu



# خىتاي بىلەن رۇسىيەنىڭ رەقەملىك مۇستەبىتلىكى

توموكو ئاكو

# ختاي بىلەن رۇسىيەنىڭ رەقەملىك مۇستەبىتلىكى

تومىكو ئاكو[1]

ختاي كومپارتىيەسىنىڭ 20 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مۇستەبىت ختاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ ھوقۇقىنى مەركەزلەشتۈرۈشنىڭ تۈزۈملەشتۈرۈلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدىغان تارىخىي ۋەقەدۇر. مەزكۇر قۇرۇلتايدىن ئىككى كۈن كېيىن، مەن تەيۋەندە 11 ـ نۆۋەتلىك «دۇنياۋى دېموكراتىيە ھەرىكىتى»نىڭ (WDMP) خەلقئارالىق يىغىنىغا قاتناشتىم. «رەقەملىك مۇستەبىتلىك» بۇ يىغىندىكى مۇزاكىرىلەرنىڭ مۇھىم تېمىسى ئىدى.

دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن پائالىيەتچىلەر، ئاخباراتچىلار، ئادۋوكاتلار ۋە تەتقىقاتچىلار ئەركىنلىك ۋە ئادالەتنىڭ يېيىلىشى ئۈچۈن بىر يەرگە جەم بولۇشتى. ئۇلار كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ۋە ھوقۇقنى سۇيىئىستېمال قىلىش ئەھۋاللىرىنى تەھلىل قىلىپ، كەمسىتىش ۋە ناھەقچىلىككە تاقابىل تۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنى تۈزۈش ھەققىدە كاللا قاتۇرۇشتى.

مۇزاكىرە باسقۇچىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرنىڭ بىرى ــ ئاساسلىقى ختاي ۋە رۇسىيە باشلىغان ــ رەقەملىك مۇستەبىتلىككە تاقابىل تۇرۇش ئىدى.

ئۇكرائىنالىق پائالىيەتچىلەرنىڭ سۆزىگە كۆرە، رۇسىيەنىڭ تەشۋىقاتلىرىدا ئۇكرائىنا ھەم تارىختا، ھەم ھازىر «مەغلۇپ بولغان دۆلەت» دەپ تەسۋىرلەنگەن ھەمدە ئۇكرائىنالىقلارنىڭ پرېزىدېنت ۋولادىمىر زېلېنسكىينى قوللىمايدىغانلىقى توغرىسىدا يالغان خەۋەرلەر تارقىتىلغان.

ئوخشاشلا، ختايمۇ ساختا خەۋەر ۋە ئىقتىسادىي بېسىم ئارقىلىق تەيۋەنگە سىڭىپ كىرىش سالمىقىنى كۈچەيتتى. ختاينىڭ مەقسىتى تەيۋەندە (تەيۋەن بىلەن ختاي چوڭ قۇرۇقلۇقىنى) «بىرلىككە كەلتۈرۈش» تەرغىباتىغا ماس كېلىدىغان جامائەت پىكرى ۋە سىياسىي كۈچ شەكىللەندۈرۈشتۇر.

ئەگەر بىر ھېكايە ئۆزۈن مۇددەت مائارىپ ۋە تاراتقۇلار ئارقىلىق يېتەرلىك دەرىجىدە تەكرارلانسا، كىشىلەرنىڭ كاللىسىغا سىڭىپ قالىدۇ. قارشى پىكىرنى ئوتتۇرا قويۇش ئارقىلىق مەۋجۇت ھېكايىنى تەنقىدلەيدىغان ياكى نىسپىيلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنغان ھېكايىلەر «قارشى بايان» دەپ ئاتىلىدۇ.

---

[1] ياپونىيەلىك جەمئىيەتشۇناس، توكيو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، ختاي مەسىلىلىرى تەتقىقاتچىسى

مۇستەبىت دۆلەتلەر قانداق قىلىپ چوڭ بېرىكنى (Big data) نازارەت قىلىش ئارقىلىق ھېكايىلەرنى يارىتىشقا ئۇرۇنىدۇ؟ «دۇنياۋى دېموكراتىيە ھەرىكىتى»نىڭ يىغىن ئىشتىراكچىلىرى تەپسىلىي تەھلىل يۈرگۈزۈپ، دېموكراتىك مەنتىقە ئاساسىدا قارشى باياننى ۋۇجۇدقا چىقىرىش چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

تەيۋەندىكى « Doublethink تەجرىبىخانىسى» دېگەن تەتقىقات ئاپپاراتى «خىتاي كۆرسەتكۈچى»نى تۈزۈپ چىققان بولۇپ، مەزكۇر كۆرسەتكۈچ تاراتقۇ، تاشقى سىياسەت، ئىلىم-پەن، دۆلەت ئىچى سىياسىتى، ئىقتىساد، تېخنىكا، جەمئىيەت، ھەربىي ۋە قانۇن ئىجرائاتى قاتارلىق توققۇز ساھەدىكى 99 كۆرسەتكۈچ ئاساسىدا، خىتاينىڭ چەتئەلدىكى تەسىر دائىرىسىنى ئۆلچەيدۇ.

تەتقىقات دائىرىسىدىكى 46 دۆلەت ۋە رايون ئىچىدە، خىتاينىڭ تەسىرىگە ھەممىدىن بەك ئۇچرىغان ئۈچ دۆلەت كامبودژا، سىنگاپور ۋە تايلاندتۇر. بۇ (يەنى خىتاينىڭ تەسىرىگە ئۇچراش) جەھەتتە ئامېرىكا 16-، ياپونىيە 34-ئورۇندا تۇرغان.

گەرچە ياپونىيە خىتاينىڭ تەسىرىگە ئۇچراش جەھەتتە خېلى ئارقىدا تۇرغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن مېنىڭ مەۋجۇت ئالاقە چەمبىرىمدىلا نۇرغۇن ياپونىيە پۇقرالىرى، ھەتتا تەتقىقاتچىلار خىتاي دۆلەت تاراتقۇلىرى قەستەن تارقاتقان خاتا ئۇچۇرلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

شۇنداقلا، مەن ياشلارنىڭ مۇستەبىت دۆلەتلەر توقۇپ چىققان ھېكايىلەرگە بولغان تونۇشىنىڭ كەمچىل بولۇشىدىن ئەنسىرەيمەن. ئىچكى كابىنېت ئىشخانىسىنىڭ 1-ئايدا ئېلان قىلغان تاشقى ئىشلار توغرىسىدىكى ئەلرايىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە كۆرە، 18 ياشتىن 29 ياشقىچە بولغان ئارىلىقتىكى ياپونىيە پۇقرالىرىنىڭ قىرىق پىرسەنتتىن كۆپرەكى خىتاينى ياقتۇرىدىكەن. بۇ پۈتكۈل پۇقرالار ئارىسىدىكى بۇ خىل نىسبەت (يەنى يىگىرمە پىرسەنت)تىن بىر ھەسسە كۆپ.

خىتاينىڭ كۈلتۈرى ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەت ئادەتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش ئارقىلىق ياپونىيە-خىتاي مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىشنى توغرا چۈشەنگىلى بولىدۇ. ئەمما، ياشلار (خىتايغا ئوخشاش) بۇ دۇنيادىكى دېموكراتىك قىممەت قاراشلارنى ۋەيران قىلماقچى بولغان كۈچلەرگە قارىتا چوقۇم تېخىمۇ ھوشيار بولۇشى كېرەك.

ياپونىيەلىك ياشلار ئارىسىدا سىياسىي قىزىقىشنىڭ يېتەرسىز ئىكەنلىكى تولىمۇ روشەن. بېلەت تاشلاش يېشى 18 گە چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن ئۆتكۈزۈلگەن بەش قېتىملىق دۆلەتلىك سايلامدا ياشلارنىڭ قاتنىشىش نىسبىتى ئومۇمىي ئوتتۇرىچە نىسبەتتىن كۆرۈنەرلىك تۆۋەن بولدى.

2022-يىلى 7-ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن يۇقىرى پالاتا سايلىمىدا، ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ بېلەت تاشلاش نىسبىتى 35.42 پىرسەنت بولۇپ، ئومۇمىي بېلەت تاشلاش نىسبىتى (52.05 پىرسەنت)دىن 16.63 پىرسەنت تۆۋەن بولغان. يىگىرمە ياشتىن ئوتتۇز ياشقىچە بولغانلارنىڭ بېلەت تاشلاش نىسبىتىمۇ تۆۋەن بولۇپ، ئارانلا 33.99 پىرسەنت بولغان.

هالبۇكى، شى جىنپىڭنىڭ ھاكىمىيىتى تېخىمۇ كۈچلۈك مۇستەبىتلىك خاھىشىنى ئىپادىلىمەكتە. ئەھۋال مۇشۇ تەرزدە داۋاملاشسا، ياپونىيە ۋە دۇنيا بارغانسېرى ئۇنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرايدۇ.

(خىتاي ۋە رۇسىيەگە ئوخشاش مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەرگە قارشى) ئادالەتنى ياقلايدىغان «قارشى بايان»نى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن، رەقەملىك بوشلۇقنىڭ سەركىلىرى بولغان ياپونىيە ياشلىرى پائال ۋە مۇقىم رەۋىشتە سىياسەتكە ئىشتىراك قىلىشى؛ (قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرغان تەقدىردە) خىتايدىن ئىبارەت مۇستەبىت دۆلەتنىڭ ئۆزلىرىنى يالماپ يۇتۇۋېتىشىدىن ھەزەر ئەيلىشى كېرەك.

بۇ قېتىملىق خەلقئارالىق يىغىندا، «(جىنايەتكە يارىشا) جازاغا تارتىلماسلىق» (impunity) دېگەن سۆز تەكرار ئىشلىتىلدى. يەنى دۇنيادا ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى يۈز بېرىۋاتقان بولسىمۇ، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭغا كۆز يۇمدى ۋە ئۇنىڭغا قارشى ھەرىكەتكە ئۆتكىلى ئۇنىمىدى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، جاھان ئەھلى مۇستەبىت دۆلەتلەرنىڭ داۋاملىق تەھدىت شەمشىرىنى شىلتىپ يۈرۈشىگە يول قويدى.

شۇنداقلا، ياپونىيەنىڭ قوشنىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ قانداقلىقى توغرىسىدا يەنە بىر سوئالمۇ بار. مەسىلەن، تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى نامايىشتىن كېيىن، ياپونىيەنىڭ خىتايغا قاراتقان تۇتۇمى قانداق بولدى؟

ئىگىلىنىشچە، ياپونىيەدە ئىشلەنگەن زاپچاسلار خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كەڭ كۆلەملىك نازارەت قىلىش سىستېمىسى ئۈچۈن ئۈسكۈنە ـ ئەسلىھەلەرنى ياساشقا ئىشلىتىلگەن.

خىتاينىڭ رەقەملىك مۇستەبىتلىك سىستېمىسى. نوۋقۇل ھالدا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ كۈچىگىلا تايانغان ئەمەس. خىتاينىڭ پۇلىنى قوغلاشقان، بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان شىركەتلەر (مۇستەبىتلەرنىڭ جازالىنىپ) ئادالەتنىڭ ياقلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان شېرىك جىنايەتچىلەردۇر.

خوڭكوڭدا كىشىلەر زوراۋانلىقتىن خالىي پۇقراۋى پائالىيەتلەر سەۋەبلىك قولغا ئېلىندى. ھالبۇكى، بىز زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارغا ئىچ ئاغرىتىشتىن باشقا ھېچ ئىش قىلمايدىغان تاماشىبىن بولۇپ قالساق بولمايدۇ. ھەر بىرىمىزنىڭ ھۆرلۈك ئۈچۈن ئەمەلىي رەۋىشتە كاللا قاتۇرۇش ۋە ھەرىكەتكە ئۆتۈش مەجبۇرىيىتىمىز بار.

ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://japan-forward.com/why-we-must-counter-digital-authoritarianism-from-china-and-russia/



# ئىسلام ئالىملىرىدىن نەقىللەر

ئا. ئەركىن

# ئىسلام ئالىملىرىدىن نەقىللەر

تەييارلىغۇچى: ئا. ئەركىن

ئىلاۋە:

غەرب مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ، پەيلاسوپلىرىنىڭ سۆز ۋە تەلىماتلىرى غەربتىكى مەرپەت ئىزدىگۈچى ئىنسانلارغا قانچىلىك مۇھىم ھېسابلانسا، ئىسلام ئالىملىرىنىڭ پىكىر، تەشەببۇس ۋە ئۆگۈتلىرى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە مۇھىم. غەربتە ئىسلام ئالىملىرىنىڭ پىكىر، نەزەرىيەلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان كۆپلىگەن تەتقىقاتچى، ئاكادېمىكلار مەۋجۇت. ئىسلامنى دىن قىلىپ تاللىغىنىغا مىڭ يىلدىن ئاشقان بىز ئۇيغۇرلار دىنىمىزنى چۈشىنىش، تەپەككۇرىمىزنى كۈچلەندۈرۈش، ئىدىيەرىمىزنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن ئىسلام ئالىملىرىنىڭ پىكىر تەلىماتلىرىنى بىلىشكە ئېھتىياجلىقمىز. بۈيۈك ئىسلام ئالىملىرىنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى بىلىش بەئەينى گۆلزارلىقتا سەيلە قىلغاندەك ھوزۇرلۇقتۇر. بەزى ئۇيغۇر قېرىنداشلارنىڭ غەرب ئالىملىرىنى ئۈستۈن كۆرۈپ، ئىسلام ئالىملىرىغا ياراتماسلىق نەزىرىدە قارىشى كىچىكىدىن ئالغان كوممۇنىستىك تەربىيىنىڭ، ياكى دىنىدىن خالىي غەرپ مائارىپىنىڭ تەسىرى سەۋەبلىكتۇر. ئاللاھ قۇرئاندا ئىسلام ئالىملىرىنى ماختىغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلام ئالىملىرىنى مېنىڭ ۋارىسلىرىم دەپ، ئىلىمنى ئۇلاردىن ئۆگىنىشكە بۇيرۇغان. شۇڭا، ئىسلام ئالىملىرىنى تۆۋەن كۆرۈش كىشىدىكى ناتوغرا ئاڭ-چۈشەنچىنىڭ مەھسۇلىدۇر، ناھايىتى ئېغىر خاتالىقتۇر. ئىسلام تونىنى يېپىنچاقلىۋېلىپ، دىنىي كىرىم مەنبەسى ۋاستىسى قىلىۋالغان ئۆزىنى ئالىم قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغۇچىلار ئەسلا ئالىم ئەمەس بولۇپ، بۇ يەردە نامى كەچكەن ئالىملارنىڭ ھەممىسى ھاياتى بويىچە بۇنداق قورساق بالاسى، چۈشەنچىسى تېيىز، پىكرى گال، نىيىتى بۇزۇق دىن سۈيئىستېمالچىلىرىغا ئەڭ كۆپ قارشى تۇرغان، قۇرئان ھەدىسنى، ئىسلام تەلىماتلىرىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تولۇق ئۆگەنگەن، دىن ۋە دۇنيا چۈشەنچىسى ساغلام، پىكرى ئۆتكۈر، نىيىتى دۇرۇس، ئەمەلى خالىس، ئەخلاقى گۈزەل ئۈستۈن پەزىلەتلىك ئىسلام ئالىملىرىدۇر. بۇ ۋەجىدىن، ئوقۇرمەنلىرىمىز بۇ پەزىلەتلىك ئالىملارنى دىن سۈيئىستېمالچىلىرىغا ياكى دىننى بۇرمىلىغۇچىلارغا ئوخشاتماسلىقى لازىم.

بۇ يەردە سۆزلىرى نەقىل قىلىنغان ئالىملارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە ياشىغان، پۈتكۈل ھاياتى قۇرئان ۋە ھەدىسنى ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش بىلەن ئۆتكەن، ھاياتىنى ئىسلامغا بېغىشلىغان ۋە ئۆزىدىن كېيىنكى مۇسۇلمانلار — مەيلى ئۇ قانداق مەزھەپ، قانداق كۆز قاراشتا بولسۇن — بىردەك ھالدا ھۆرمەتلەپ ئەگىشىدىغان، بىلىمى مول، تەپەككۇرى چوڭقۇر ھۆرمەتلىك ئۆرنەك ئالىملاردۇر.

بۇ يەردىكى نەقىللەر تورلاردا ئېقىپ يۈرگەن، مەنبەسى ئېنىق بولمىغان، شۇ ئالىمنىڭ دېگەن ياكى دېمىگەنلىكى نائېنىق نەقىللەر ئەمەستۇر. ئەكسىچە، بۇ ئالىملارنىڭ بىز نەقىل ئالغان سۆزلىرى ئىمام ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ «زۇھد كىتابى»، ئىمام ئەھمەدنىڭ «زۇھد كىتابى»، ئىمام بەيھەقىنىڭ

«شۇئبۇل ئىيمان»، ئىمام ئىبنۇل جەۋزىينىڭ «سىفاتۇس سەفۋا» قاتارلىق پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىدا بىردەك ئالقىشلىنىدىغان مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن بىۋاستە ئېلىنغاندۇر. سەھىپىنىڭ ئۇزىراپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھەر بىر ئالىمنىڭ سۆزى مەۋجۇت بولغان كىتاب ۋە بەت سانى قىسقارتىلدى.

ئىچىڭنىڭ تېشىڭنىڭ بىلەن بىردەك بولۇشى ئادالەتتۇر. ئىچىڭنىڭ تېشىڭدىن ياخشى بولۇشى پەزىلەتتۇر. ئەگەر تېشىڭ ئىچىڭدىن پەزىلەتلىك بولسا، بۇ زۇلۇمدۇر.

— سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە رەھمەھۇللاھ

قۇرئان ئىنسانلارنىڭ ئەمەل قىلىشى ئۈچۈن نازىل قىلىنغان ئىدى. ھالبۇكى، ئىنسانلار قۇرئان تىلاۋەت قىلىشنى قۇرئانغا ئەمەل قىلىش سانىۋالدى. — ھەسەن بەسرى رەھمەھۇللاھ

كىم ئارزۇ ـ ھەۋەسكە ئەگىشى سەۋەبلىك گۇناھقا چۈشكەن بولسا، بۇنداق كىشىنىڭ تەۋبە قىلالايدىغانلىقىغا ئۈمىدىم بار. چۈنكى، ئادەم ئەلەيھىسسالام ئارزۇ ـ ھەۋەسكە ئەگىشىپ قالغان ۋە مەغفىرەت قىلىنغان ئىدى. كىمنىڭ گۇناھى كىبىر سەۋەبلىك بولسا، بۇنداق كىبىر ساھىبىنىڭ ئاللاھنىڭ لەنىتىگە لايىق بىرى بولۇپ قېلىشىدىن قورقىمەن. چۈنكى، ئىبلىس كىبىر سەۋەبلىك ئىسيانكارلىق قىلىپ ئالل اھنىڭ لەنىتىگە لايىق بولغان.

— ئىمام سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە

دىن ئەخلاقتۇر. كىمنىڭ ئەخلاقى سەندىن ئۈستۈن بولسا، ئۇنىڭ دىنى سەندىن ئۈستۈندۇر.

— ئىمام ئىبنى قەييىم

مال دۇنيا ئىشلىتىلگەنسېرى تۈگەپ يوق بولىدۇ. ئەمما، ئىلىم ئىشلىتىلگەنسېرى ئاۋۇپ كۆپىيىدۇ. — ئىمام ئىبنى قەييىم

كىمكى ئاللاھ بىلەن باي بولسا، پۈتۈن ئىنسانلار ئۇنىڭغا موھتاج بولىدۇ.

— سەئىد ئىبنى مۇسەييەب رەھمەھۇللاھ

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ھەر قانداق سەھىھ ھەدىس كەلگەن بولسا، مېنىڭ ھۆكۈمۈمۇ شۇ سەھىھ ھەدىسنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاشتۇر. ھەتتا، سىلەر مەندىن بۇنداق ھۆكۈمنى ئاڭلىمىغان بولساڭلارمۇ شۇنداق. — ئىمام شافىي

ھەدىس ئالىملىرى تەرىپىدىن مېنىڭ كۆز قارىشىمغا قارشى بولغان سەھىھ ھەدىس رىۋايەت قىلىنسا، مەن ھەدىسكە خىلاپ كۆز قاراشلىرىمدىن ھاياتىمدىمۇ، ئۆلۈمىمدىن كېيىنمۇ ۋاز كەچتىم.

— ئىمام شافىي

كىتابىمدا ئالل اھنىڭ رەسۇلىنىڭ سۈننىتىگە زىت بىرەر نەرسە بايقىساڭلار، ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ سۈننىتى بويىچە ئەمەل قىلىڭلار، مېنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز قارىشىمنى تاشلاڭلار.

— ئىمام شافىي

ئەگەر ھەدىس سەھىھ بولسا، ئۇ مېنىڭ مەزھىبىمدۇر. — ئىمام شافىي

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمدىن كېيىن ياشىغان ھەرقانداق بىرىنىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنىشىمۇ، ياكى رەت قىلىنىشىمۇ مۇمكىن. پەقەت رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ سۆزىلا شەكسىز قوبۇل قىلىنىدۇ.

— ئىمام مالىك

ئەگەر مەن بىر ھۆكۈمنى بەرگەن بولۇپ، مېنىڭ بەرگەن بۇ ھۆكۈمۈم ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىغا ياكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ سۈننىتىگە زىت بولۇپ قالغان بولسا، مېنىڭ بۇنداق ھۆكۈمۈمنى چۆرۈپ تاشلاڭلار. — ئىمام ئەبۇ ھەنىفە

ئەگەر ھەدىس سەھىھ بولسا، ئۇ مېنىڭ مەزھىبىمدۇر. — ئىمام ئەبۇ ھەنىفە

دىن توغرىسىدا ساڭا پەتىۋا بېرىدىغان بىر ئالىم بولمىغان، شۇنداقلا سېنىڭ بەدىنىڭ ھەققىدە ساڭا مەسلىھەت بېرىدىغان بىر دوختۇر بولمىغان يۇرتتا ياشىما. — ئىمام شافىي

كىشىنىڭ ئىلمى سەۋەبلىك كىبىر قىلىشى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا كىشىنىڭ مال-دۇنيا، نام-شۆھرىتى سەۋەبلىك كىبىر قىلىشىدىنمۇ بەك يىرگىنچلىكتۇر. — ئىمام ئىبنى قەييىم

مۆمىنلەردىن جىق دوستلارنى تۇتقىن. شۈبھىسىزكى، مۆمىنلەر قىيامەت كۈنى ئۆز ئۆزۈق-تۇغقانلىرىنى ۋە دوستلىرىنى شاپائەت قىلىدۇ.

— ھەسەن بەسرى رەھمەھۇللاھ

ياشلىقتا ئۆتكۈزۈلگەن گۇناھ-مەئسىيەت كىشىنىڭ قېرىغان چاغدا كۆپلىگەن ئېغىرچىلىقلارغا قېلىشىغا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. ئاللاھنىڭ جازاسى كىشىنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا قەدەر كېچىكىشى مۇمكىن.

— ئىمام ئىبنى جەۋزى

باتىل ھەقنىڭ ئالدىغان ئۆتۈۋالغاندا، زېمىندا يامان ئىشلار باش كۆتۈرىدۇ.

— ئىمام مالىك

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز رەھمەھۇللاھنىڭ ئوغلى ئابدۇلئەزىز مۇنداق دېگەن: دادام ماڭا مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئوغلۇم، مۇسۇلمان قېرىنداشىڭدىن بىر سۆز ئاڭلىغىنىڭدا، ئۇ سۆزنى ياخشىلىققا بۇراش ئىمكانى بار تۇرۇقلۇق، ھەرگىزمۇ ئۇ سۆزنى يامانغا بۇرىما.»

— خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز

سىددىقنىڭ \راستچىللىقنىڭ ئەڭ تۆۋەن مەرتىۋىسى كىشىنىڭ ئىچى بىلەن تېشىنىڭ ئوخشاش بولۇشىدۇر. — ئىمام ئەلقۇشەيرى

**پەرىشتىلەر ئىنسان باللىرى ئىچىدىن سالىھ (تەقۋادار) كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئۇلار سەۋەبلىك مەمنۇن بولىدۇ. — ئىمام ئىبنى ھەجەر**

**خىيانەت مەۋجۇت بولغان ئۆيدە بەرىكەت بولمايدۇ. — ساھابە[1] ئەنەس ئىبنى مالىك**

**ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنداشقا چاقىرىلسا ئېغىرلىق قىلىدىغان، ئەمما ھوقۇق ساھىبى چاقىرسا ئالدىراپ بارىدىغان كىشىگە؛ دىنني قېرىنداشقا قەلبىدە غۇم ساقلاپ، كۆرۈشكەندە ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان كىشىگە؛ گەپ توشۇيدىغان كىشىگە، بىر-بىرىنى ياخشى كۆرىدىغانلارنىڭ ئارىسىنى بۇزىدىغان كىشىگە ئاللاھ غەزەپ قىلىدۇ ۋە بۇنداقلاردىن يىرگىنىدۇ.**

**— بۈيۈك تابىئىن ھەسەن ئىبنى ئەتىييە[2]**

**ئىخلاس — كىشىنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئەمەللىرىنىڭ ئوخشاش ھالدا بولۇشىدۇر.**

**— ھۇزەيفە ئەلمەرئاشى**

**ئىستىغفار ئېيتىش (ئاللاھتىن گۇناھلىرىنىڭ مەغفىرەت قىلىنىشىنى سوراپ «ئەستەغفىرۇللاھ»، «ئەستەغفىرۇللاھى ۋەئەتۇبۇ ئىلەيھى» قاتارلىق زىكىرلەرنى ئوقۇش) ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىلىرىدىندۇر. كىمكى ئىبادەتلىرىدە، سۆزلىرىدە ياكى ئىش-ھەرىكەتلىرىدە ئەيىب-نۇقسانلارنى بايقىسا، ياكى رىزىقىنىڭ كېمىيىپ كەتكەنلىكىنى بايقىسا، ۋەياكى قەلبىدە بىئارامچىلىق بايقىسا ئىستىغفار ئېيتسۇن. — ئىمام ئىبنى تەيمىييە**

**ئى رەببىم! ئىنسانلار ئارىسىدىكى ياخشىلارنىڭ ياخشىلىقىنى كۆپەيتىپ بەرگىن. ئەسكىلىرىنى تەۋبىگە نېسىپ قىلغان ۋە ئۇلارنى رەھمىتىڭ بىلەن قورشىغىن.**

**— خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز**

**گەپ توشۇيدىغان ئادەم سېھىرگەر بىر ئايدىمۇ بۇزالمىغان ئارىنى، بىردەمنىڭ ئىچىدىلا بۇزىۋېتەلەيدۇ.**

**— يەھيا ئىبنى ئەبۇ كەسىر رەھمەھۇللاھ**

**كىمنىڭ ياخشىلىقلىرى يامانلىقلىرىدىن كۆپ بولسا جەننەتكە كىرىدۇ. كىمنىڭ يامانلىقلىرى ياخشىلىقلىرىدىن كۆپ بولسا دوزاخقا كىرىدۇ. كىمنىڭ ياخشىلىقلىرى بىلەن يامانلىقلىرى تەڭ كېلىپ قالسا ئەئراف ئەھلىدىن بولىدۇ، كېيىن جەننەتكە كىرىدۇ.**

**— بۈيۈك ساھابە ئىبنى ئابباس[3]**

[1] ساھابە — رەسۇلۇللاھ بىلەن بىر دەۋردە ياشاپ، رەسۇلۇللاھقا ئىمان ئېيتقان ۋە دىنىنى رەسۇلۇللاھتىن بىۋاستە ئۆگەنگەن، كاتتا ئىلىمگە، بۈيۈك پەزىلەتكە ئىگە كىشىلەردۇر، رەسۇلۇللاھنىڭ بىر قوللۇق تەربىيىلىگەن شاگىرتلىرىدۇر. رەسۇلۇللاھ — ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، دېگەن مەنىدە بولۇپ، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھى سالاتۇ ۋەسسەللەمنى كۆرسىتىدۇ.

[2] تابىئىن — پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەپداشلىرى ۋە شاگىرتلىرى ھېسابلانغان ساھابىلەرنىڭ شاگىرتلىرىدۇر. بۇ يازمىدا تابىئىن ئالىملاردىن نەقىللەر كۆپ بولۇپ، باشقا تابىئىن ئالىملارنىڭ تابىئىنلىقى بۇنىڭدىن باشقا يەردە ئەسكەرتىلمىدى.

[3] رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى. ساھابىلەرنىڭ ئەڭ ئالىملىرىدىن.

بەندىنىڭ سۈننەت ھېسابلىنىدىغان ئىككى رەكئەت نامازنى ئوقۇشى سۈننەتتە ئورنى يوق يەتمىش رەكئەت ناماز ئوقۇغاندىن ئەۋزەلدۇر.

— ھەسەن ئىبنى ئەتىييە رەھمەھۇللاھ

ئاللاھ بىر زالىمنى باشقا بىر زالىم بىلەن جازالايدۇ. ئاندىن، ھەر ئىككىسىنى جەھەننەمگە تاشلايدۇ.

— ھەسەن ئىبنى ئەتىييە رەھمەھۇللاھ

ئۆزەڭنىڭ قايسى ھالەتتە ئىكەنلىكىگە قارىغىن. ئەگەر سېنىڭ (ھازىرقى) ھالىتىڭ ئۆلۈمۈڭ ۋە قەبرەڭ ئۈچۈن ئۇيغۇن بولسا، ئۇ ھالدا بۇ ھالىتىڭنى داۋاملاشتۇرغىن. ئەگەر ھازىرقى ھالىتىڭ ئۆلۈمۈڭ ۋە قەبرەڭ ئۈچۈن ئۇيغۇن بولمىسا، ئۇ ھالدا ئاللاھقا تەۋبە قىلغىن، ئاندىن ئۆلۈمۈڭ ۋە قەبرەڭ ئۈچۈن پايدا كەلتۈرىدىغان ھالەتكە قايتقىن. — ئىمام ئىبنۇل جەۋزى

مەخپىي دۇئا ئاشكارا دۇئاغا قارىغاندا يەتمىش ھەسسە ئۈستۈندۇر.

— ھەسەن ئىبنى ئەتىييە رەھمەھۇللاھ

بىر بەندە رەببىگە ئۇنى زىكىر قىلىشنى ياقتۇرماسلىق ۋە رەببىنى زىكىر قىلغانلارنى ياقتۇرماسلىقتىنمۇ شىددەتلىك ئىش بىلەن دۈشمەن بولالمايدۇ. — ھەسەن ئىبنى ئەتىييە رەھمەھۇللاھ

بىر توپ كىشى ئوخشاش سەپتە تۇرۇپ ناماز ئوقۇيدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ نامىزىدا ئاسمان بىلەن زېمىندەك پەرق بولىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ئۇلاردىن بەزىلىرى نامازنى خۇشۇ بىلەن ئوقۇيدۇ، بەزىلىرى بولسا نامازنى غەپلەت بىلەن قەلبى باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل ھالدا ئوقۇيدۇ.

— ھەسەن ئىبنى ئەتىييە رەھمەھۇللاھ

ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى پەرزلەرنى ئادا قىلىش ۋە ھاراملاردىن ئۇزاق تۇرۇشتۇر.

— بەشىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز

سۆزلىرىنىڭمۇ ئەمەل جۈملىسىدىن ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان كىشىنىڭ گۇناھلىرى كۆپ بولىدۇ.

— خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز

خەيرلىك ئىشلارنى روياپقا چىقارغان \ قولغا كەلتۈرگەن كىشىنى ئۆزى قولغا كەلتۈرگەن بۇ خەيرلىك ئىشى ئۈچۈن تەبرىكلەش لازىم. ئەگەر خەيرلىك ئىش ۋۇجۇدقا چىققان بولسا بۇ كىشى تەبرىكلىنىشى، كەلگۈسىدە يۈز بېرىشى كۈتۈلۈۋاتقان بولسا ئۇنىڭغا خۇش خەۋەر بېرىلىشى كېرەك. دىنىي قېرىنداشىڭغا خۇش خەۋەر بەر، قەلبىدە خۇشاللىق پەيدا بولۇشىغا ۋەسىلە بول.

— ئەللامە مۇھەممەد سالىھ ئەلئۇسەيمىن

كىشىنىڭ نامىزىغا ۋە روزىسىغا قارىماڭلار. ھالبۇكى، كىشىنىڭ سۆز قىلغاندا توغرا سۆز قىلىدىغان قىلمايدىغانلىقىغا، ئامەتكە خىيانەت قىلىدىغان قىلمايدىغانلىقىغا ۋە گۇناھلاردىن ساقلىنىپ ساقلانمايدىغانلىقىغا قاراڭلار.

— ساھابە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر

دىنىڭلاردا تۇنجى يوقىتىدىغان نەرسەڭلار ئامانەتتۇر. ھەممىدىن كېيىن يوقىتىدىغان نەرسەڭلار نامازدۇر. (ئۇ چاغدا) دىنى يوق كىشىلەرمۇ ناماز ئوقۇيدۇ.

— ساھابە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد

ئالىمنىڭ خاتالىقى ھۆكۈمدارنىڭ خاتالىقىدىنمۇ بەك خەتەرلىكتۇر. چۈنكى، ھۆكۈمدارنىڭ خاتاسى ئۇنىڭ ئۆلۈمى بىلەن تۈگەيدۇ ۋە ئۇنتۇلىدۇ. ھالبۇكى، ئالىمنىڭ خاتالىقى ئالىم ئۆلگەندىن كېيىنمۇ جانلىق رەۋىشتە قېلىپ قالىدۇ. — مۇھەددىس ئابدۇلئەزىز تەرىفى

ھەق سۆز كىشىنىڭ سالىھ ئەمەللىرىنى قىلىشىغا ياردەمچى بولىدۇ، گۇناھلىرىنىڭ مەغفىرەت قىلىنىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: {توغرا سۆزنى ئېيتىڭلار، ئاللاھ ئىشلىرىڭلارنى ئىسلاھ قىلىدۇ، گۇناھلىرىڭلارنى مەغفىرەت قىلىدۇ.} (ئەھزاب سۈرىسى 70 ـ، 71 ـ ئايەتلەر)

— مۇھەددىس ئابدۇلئەزىز تەرىفى

ئىنسان مەلۇم كىشىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنىڭ (غەيۋەتكە تېگىشلىك مىقدارىنى) ساۋابىنى ئۇنىڭغا بېرىۋېتىدۇ. ئۆزى بولسا قىلغان غەيۋىتى بىلەن قېلىپ قالىدۇ. بۇ سەۋەبلىك، سەلەف ئالىملىرىدىن بەزىلىرى «غەيۋىتىمنى قىلغان كىشىگە دىنار ـ دىرھەم بېرىشنى ئارزۇ قىلىمەن» دېيىشكەن.

— ئەللامە مۇھەممەد سالىھ ئەلئۇسەيمىن

سېنى ئاللاھقا ماڭغۇزغان بىر مۇسىبەت سېنى ئاللاھنىڭ زىكرىدىن ئۇنتۇلدۇرغان بىر نېمەتتىن ياخشىدۇر. — ئىمام ئىبنى تەيمىييە

سۈننەت ئەھلىگە ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار. چۈنكى، ئۇلار غېرىپلاردۇر.

— ئىمام ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك

ئۆزگە سۈننەت بايان قىلىنغاندا، سۈننەتنى تونۇغان كىشى غېرىپتۇر. ئۇنىڭدىنمۇ غېرىپ بولغىنى سۈننەتنى تونۇتقان كىشىدۇر.

— يۇنۇس ئىبنى ئۇبەيد رەھىمەھۇللاھ

ئىلىم تارقىتىش گۇناھلارنىڭ مەغفىرەت قىلىنىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئامىللار جۈملىسىدىندۇر. — ئەللامە ئىبنى ئۇسەيمىن

ساھابە كىراملار ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر ئاۋۋال ئەبۇ بەكرى سىددىقنىڭ، ئاندىن ئۆمەرنىڭ، ئاندىن ئۇسمانىنىڭ، ئاندىن ئەلىنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىك ئىكەنلىكى جەھەتتە ئىجمائقا كەلگەن (ئورتاق پىكىردىدۇر). — ئىمام ئىبنى ھەجەر

بىر شەخس ئاسماندا كۆپلەپ ماختالمىغۇچە، زېمىندا ماختالمايدۇ.

— كەئبۇل ئەخبار رەھىمەھۇللاھ

ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئاجىزى ئۆز ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىنى رەت قىلالمىغان كىشىدۇر.

ئىنسانلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈكى بولسا، ئارزۇ - ھەۋەسلىرىنى رەت قىلالىغان كىشىدۇر.

— ئەللامە ئىبراھىم ئەلكەسسان

كىمكى ئۆز ھاجىتىگە يېتىدىغان نەرسىلەرگە قانائەت قىلمىسا، باي تۇرۇپ پېقىر بولۇپ قالىدۇ.

— ئەللامە ئىبراھىم ئەلكەسسان

ئى جەئفەر! قۇسۇرلىرىمنى يۈزۈمگە ئېيتقىن. دىنىي قېرىندىشىنىڭ قۇسۇرىنى يۈزىگە ئېيتمىغۇچى سەممىي كىشى ئەمەس.

— مەيمۇن ئىبنى مىھران رەھىمەھۇللاھ

مۆمىنىنىڭ ئۆز ئەمەلىنى ياخشى كۆرۈشى ئۇنىڭغا جاھىللىق جەھەتتىن يېتىدۇ. ئاللاھتىن قورقۇشى ئىلىم جەھەتتىن يېتىدۇ.

— مەسرۇق رەھىمەھۇللاھ

دۇنيانىڭ ئۆتۈپ كەتكەن قىسمى چۈش، قالغان قىسمى خىيالدىن ئىبارەتتۇر.

— ئەبۇ ھەزىم رەھىمەھۇللاھ

دىنىي قېرىندىشىڭنىڭ سىرىنى باشقىلارغا ئېيتىشىڭ خىيانەتتۇر.

— ھەسەن بەسرى رەھىمەھۇللاھ

گۈزەل ئەخلاق گۈزەل ئىش - ھەرىكەتلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. — ئىمام ئىبنۇل جەۋزى

يالغانچى كىشىگە (ئاللاھ تەرىپىدىن) بېرىلىدىغان تۇنجى جازا، ئۇنىڭ راست سۆزىنىڭ نەزەرگە ئىلىنماسلىقىدۇر.

— ئىمام ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك

كىم ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ ھەدىسىنى قوبۇل قىلمىسا، ئۇ ھالاكەتنىڭ بوسۇغىسىدىدۇر.

— ئىمام ئەھمەد

دۇنيا شۇنداق بىر يەركى، دۇنيادا ساغلام كىشى كېسەل بولىدۇ، خاتىرجەم كىشى ئەنسىزلىككە چۈشىدۇ. نامرات پەرىشان بولىدۇ، باي پىتنىگە چۈشىدۇ. دۇنيانىڭ ھالال مېلىدا (قىيامەت كۈنى) ھېساب بار، دۇنيادا ھارام يول ئارقىلىق قولغا كەلگەن مال ئۈچۈن قىيامەت كۈنى دوزاخ ئوتى باردۇر.

— ساھابە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

تەقۋادار كىشى پىخسىق شېرىكىنىڭ ئۆز شېرىكىدىن ھېساب ئېنىقلىغىنىدىنمۇ بەك ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرىدۇ.

— مەيمۇن ئىبنى مىھران

تەقۋادارلار ھاراملارغا چۈشۈپ قېلىشتىن قورقۇپ (بىر تۈركۈم) ھالال ئىشلاردىن ئۆزاق تۇردى. بۇ سەۋەبلىك ئاللاھ ئۇلارنى <تەقۋادارلار> دەپ ئاتىدى. — مۇسا ئىبنى ئەييان رەھىمەھۇللاھ

تەقۋادارلاردىكى تەقۋا شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، ئۇلار هارامغا چۈشۈپ قېلىشتىن قورقۇپ، هالالنىڭ بىر تۆركۈمنى تەرك ئەتتى.

— ھەسەن بەسرى

پەرزلەردىن كېيىن پەزىلەت جەھەتتە شەرئىي ئىلىم ئۆگىنىشكە يېتىدىغان ئەمەل يوق.

— ئىمام سۇفيان سەۋرى

كىشىلەر بىلەن كۆلەر يۈز، خۇش چىراي بىلەن كۆرۈشۈش پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەخلاقى جۈملىسىدىندۇر. — ئىمام ئىبنى بەتتال

ئەبۇ ئابباس ئىبنى ئەتا مۇنداق دېگەن: مەن قۇرئاننى ئوقۇپ شۇنى بايقىدىمكى، ئاللاھ ھېچبىر زاتنى پەقەت سىناپ (سىنىقىدىن ئۆتكەندىن كېيىنلا) ماختىغان. (تەلبىسۇل ئىبلىس 474)

كىمكى ئاللاھنى مەدھىيىلەپ زىكىر قىلىشتا ئىزچىل بولسا، ياخشىلىقلار ئۇنىڭغا بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئەگىشىدۇ.

كىمكى ئاللاھتىن مەغفىرەت سوراشتا ئىزچىل بولسا، بارچە ئىشىكلەر ۋە يوللار ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېچىلىدۇ. — ئىمام ئىبنى قەييىم

شۇنداق دېيىلەتتىكى: دىنىنىڭ بىرىنچى بۆلۈكى تىلنى يىغىش، ئىككىنچى بۆلىكى ئاڭلاش ۋە يادلاش، ئۈچىنچى بۆلىكى بىلگەنلىرىگە ئەمەل قىلىش، تۆتىنچى بۆلىكى ئۆگەنگەن شەرئىي ئىلىملىرنى يېيىش ۋە باشقىلارغا ئۆگىتىشتۇر.

— ئىمام سۇفيان سەۋرى

ئىخلاسنىڭ ئەڭ ئۈستۈن مەرتىۋىسى — قىلىنغان تائەت ئىبادەتنى قىلىنغان گۇناھنى يوشۇرغاندەك يوشۇرۇشتۇر.

— مۇھەددىس ئابدۇلئەزىز تەرىفى

گۇناھكارلارنىڭ (گۇناھى ئۈچۈن) يىغلىشى ئاللاھقا چوڭچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ تەسبىھلىرىدىن بەك سۆيۈملۈكتۇر. — ئىمام ئىبنى قەييىم

ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىر ئىتقا ياكى چوشقىغا ھەقسىز رەۋىشتە زىيان سېلىشىڭ دۇرۇس ئەمەس. بۇنداق ئىكەن، مۇسۇلمانغا قانداقمۇ زىيان سالالايسەن؟ — فۇزەيل ئىبنى ئىياز

بارچە گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئاساسى — كىشىلەرگە سۆز، تىل ۋە ھەرىكەت ئارقىلىق ئازار بېرىشتىن ساقلىنىشتۇر. ھەممە گۈزەل ئەخلاق باشقىلارغا ئازار بېرىش، زىيان سېلىش قاتارلىقلاردىن ساقلىنىش ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ.

— ئەللامە ئىبنى ئۇسەيمىن

ئەگەر ھەق ئەھلى ھەقنى سۆزلەپ بايان قىلمىسا، باتىل ئەھلى باتىل داۋاسىنى داۋاملاشتۇرىدۇ، باشقىلار بۇ باتىل داۋاغا قارىغۇلارچە ئەگىشىدۇ. ئاقىۋەتتە، ھەقنى بىلىپ تۇرۇپ سۆزلەپ، بايان قىلماي يوشۇرۇشنىڭ گۇناھى سۈكۈت قىلىش ئارقىلىق ھەقنى يوشۇرغانلارغا يېزىلىدۇ. — ئەللامە ئىبنى باز

ھەقكە ئەگىشىپ ماڭ. ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ سان جەھەتتە ئازلىقى سەۋەبلىك يالغۇزلۇق ھېس قىلما.

— ئىمام سۇفيان سەۋرى

يامانلىقنى كۆرگەن كىشى ئۈچۈن شۇ يامانلىقنى توسىدىغان باشقا بىرى بولمىغان ۋە ئۇ يامانلىقنى ئىنكار قىلىشقا قۇربى يەتكەن تەقدىردە، ئۇنىڭ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشى پەرز ئەين بولىدۇ. — ئەللامە ئىبنى باز

كىشى يامانلىقتىن توسۇپ، ياخشىلىققا بۇيرۇشقا قادىر بولالىغان ۋە بۇنى قىلىش سەۋەبلىك زىيانكەشلىككە ئۇچرىمايدىغان ئەھۋال ئاستىدا، باشقىلارنى يامانلىقتىن توسۇپ، ياخشىلىققا بۇيرۇش كىشى ئۈچۈن پەرز بولىدۇ. بۇ ئىجمائىقا (ھەممە ئالىم تەرىپىدىن ئىتتىپاققا) كېلىنگەن ئىشتۇر. ناۋادا، كىشى يامانلىقتىن توسۇش سەۋەبلىك ئېغىر زىيانغا ئۇچرايدىغان بولسا، ئۇ ھالدا شۇ يامانلىقنى قەلبىدە ئىنكار قىلىشى، يامانلىقتا شېرىك بولۇپ قېلىشتىن قېچىشى ۋە يامانلىقنى قىلغۇچىلارنىڭ ئارىسىدىن ئايرىلىشى لازىم بولىدۇ.

— ئىبنى ئەتىييە رەھىمەھۇللاھ

ئاللاھ ئۆگىتىلگەن ھايۋانلارنىڭ ئوۋ ئوۋلىشىنى ھالال قىلىپ، ئۆگىتىلمىگەن ھايۋانلارنىڭ ئوۋ ئوۋلىشىنى ھارام قىلغان. ئىلىمسىز جاھىل كىشى بىلەن (ئىلىملىك كىشىنىڭ مىسالىمۇ) مۇشۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. ئىلىمسىز جاھىل كىشىگە قىلغان ئەمەللىرى پايدا بەرمەيدۇ.

— ئىمام ئىبنى قەييىم

بىر كۈنى ئىمام مالىكنىڭ يېنىدا ئىدىم. قولۇمدىكى ئىلىم ۋاراقچىلىرىنى بىر ياققا قويدۇم ۋە ناماز قىلىش ئۈچۈن تۇردۇم. بۇنى كۆرگەن ئىمام مالىك: «ئوقۇش ئۈچۈن تۇرغان نامىزىڭ تەرك ئەتكەن ئىلىمىڭدىن پەزىلەتلىك ئەمەس ئىدى» دېدى. بۇ ۋەقەلىكنى ئىبنى ئابدۇلبەر ۋە باشقىلارمۇ بايان قىلغان.

— ئىبنى ۋەھب رەھىمەھۇللاھ

شەرئىي ئىلىمگە بولغان ئېھتىياج يەپ-ئىچىش ئېھتىياجىدىنمۇ ئۈستۈندۇر. چۈنكى، يېمەك-ئىچمەككە كۈندە بىر نەچچە قېتىم ئېھتىياج چۈشسىمۇ، ئىلىمگە ھەر دەقىقىدە ئېھتىياج چۈشىدۇ. — ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھ

ئىلىم مۇزاكىرىسى ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىشتۇر. ئىلىم ئۆگىنىش جىھادتۇر. ئىلىم ئىزدەش ئاللاھقا يېقىنلىشىش، ئىلىمنى يېيىش سەدىقىدۇر. ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش كۈندۈزنى روزا بىلەن، كېچىنى ناماز بىلەن ئۆتكۈزۈشكە ئوخشاشتۇر. كىشىنىڭ ئىلىمگە بولغان ئېھتىياجى يەپ ئىچىشكە بولغان ئېھتىياجىدىن بەكراق ئۈستۈندۇر.

— ئىمام ئىبنى قەييىم

كىم يول باشلىغۇچىدىن ئايرىلسا، توغرا يولدىن ئازىدۇ. ئاللاھقا ۋە جەننەتكە كىتاب ۋە سۈننەتتىن باشقا ئۇلاشتۇرىدىغان يول يوق. يول باشلىغۇچىسى قۇرئان ۋە سۈننەت بولمىغان ھەر يول قوغلاندى شەيتاننىڭ ۋە جەھەننەمنىڭ يولىدۇر.

— ئىمام ئىبنى قەييىم

خەلق ياخشى بولسا ئاللاھ ئۇلارغا ياخشى ھۆكۈمرانىنى نېسىپ قىلىدۇ. خەلق ناچار بولسا ئاللاھ ئۇلارغا يامان ھۆكۈمران ئەۋەتىدۇ.

— ئەللامە ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ

بىرەر جايدا بىرەر ئاق تەنلىك ياكى قارا تەنلىك، ھۆر ياكى قۇل، ئەرەب ياكى ئەجەمدىن بىرنى كۆرەي، ئۇنىڭ تەقۋالىقتا مەندىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلسەم، مۇتلەق ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇشنى ئارزۇلىدىم. — ساھابە ئەبۇ ئۇبەيدە

پەيغەمبەرلىكتىن قالسا ئىلىم تارقىتىشتىنمۇ پەزىلەتلىك ماقامنى بىلمەيمەن.

— ئىمام ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك

مەيلى يۈكسەك ئىرادە تەلەپ قىلىنىدىغان ئىشلاردا بولسۇن، مەيلى رۇخسەت قىلىنىغان ئىشلاردا بولسۇن ياخشىلىق دائىما رەسۇلۇللاھقا ئەگىشىشتە بولىدۇ. — ئىمام ئىبنى ھەجەر

زۆرۈر پەيتتە ئىلىمنى يوشۇرۇش گۇناھى كەبىرە. — ئىمام ئىبنى قەييىم

قىلمايدىغان ئىشنى (قىلىدىغانىدەك، قىلىۋاتقانىدەك ياكى قىلالايدىغانىدەك ئەلپازدا) سۆزلەش گۇناھى كەبىرىدۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «قىلمايدىغان ئىشنى سۆزلىشىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئازابقا لايىق ئىشتۇر.»

— ئىمام ئىبنى قەييىم

خاۋارىجلارنىڭ دىنى — مۇسۇلمانلارنى گۇناھى سەۋەبلىك كاپىر دېيىشتۇر.

— ئىمام ئىبنى قەييىم

ئاللاھنىڭ كىتابىغا ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىگە ئېسىلغانلارغا دۈشمەنلىك قىلىش گۇناھى كەبىرىدۇر. — ئىمام ئىبنى قەييىم

ئەگەر بىراۋنىڭ قەلبىدىكىنى بىلمەكچى بولساڭ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقانلارغا قۇلاق سال.

— ئىمام ئىبنى قەييىم

كىم شەرەپ ئىزدىمەكچى بولسا، ياخشى سۆز ۋە سالىھ ئەمەل بىلەن ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىش ئارقىلىق شەرەپ ئىزدىسۇن. — ئىمام ئىبنى قەييىم

بۇرۇنقى ئالىملار مۇنداق دەيتتى: قىلغان ياخشىلىقلىرىڭلارنى ئۇنتۇڭلار؛ ئەمما، سىلەرگە قىلىنغان ياخشىلىقنى ھەرگىز ئۇنۇتماڭلار.

— ئىمام ئىبنى قەييىم

مۆمىنلەرنىڭ ئىچىدە ئىمانى كامىللىقتا ئەڭ يېقىن بولغۇچىلار رەھىم-شەپقەتتە ئەڭ ئۈستۈن بولغۇچىلاردۇر. — ئىمام ئىبنى قەييىم

دۇئا ئەڭ نوچى رېتسېپتۇر. دۇئا بالانىڭ دۈشمىنىدۇر. دۇئا بالا-مۇسىبەتنى كۆتۈرىۋېتىدۇ، باشقا كەلگەن بالا-مۇسىبەتكە داۋا بولىدۇ. دۇئا بالا-مۇسىبەتنىڭ چۈشۈشىنى مەنئىي قىلىدۇ. دۇئا بالا-مۇسىبەتنى يوق قىلىدۇ، ياكى باشقا كەلگەن

بالا ـ مۇسىبەتنى يەڭگىللىتىدۇ. دۇئا مۆمىننىڭ قورالىدۇر. — ئىمام ئىبنى قەييىم

(قىيامەت كۈنى) ئاللاھ بىلەن ئۇچراشقىنىمدا، مېنى ئەڭ قورقۇتىدىغان ئىش ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالانىڭ ماڭا «سەن بىلەتتىڭ. بىلگەنلىرىڭگە قانچىلىك ئەمەل قىلدىڭ» دېيىشىدۇر. — ساھابە ئەبۇ دەردا

ئۆلۈمنى كۆپ ئەسلەيدىغان كىشىنىڭ ھەسەت قىلىشى ۋە ئازغۇنلۇقى ئازلايدۇ.

— ئىمام سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە

مەن (ئازابىنىڭ قاتتىقلىقىدا) دوزاختا ئوخشايدىغان ھېچبىر مەخلۇق كۆرمىدىم، ئۇنىڭدىن قاچقۇچى ئۇخلىماقتىدۇر. شۇنداقلا مەن (راھىتىنىڭ ئۈستۈنلىكىدە) جەننەتكە ئوخشايدىغان ھېچبىر مەخلۇقنى كۆرۈپ باقمىدىم، ئۇنى ئارزۇلىغۇچى ئۇخلىماقتىدۇر.

— ھەرەم ئىبنى ھەييان رەھىمەھۇللاھ

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ {ئاللاھتىن ھەقىقىي رەۋىشتە قورقۇڭلار} دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ئاللاھتىن ھەقىقىي رەۋىشتە قورقۇش دېگەن — ئاللاھقا ئىسيانكارلىق قىلماستىن ئىتائەت قىلىشتۇر، ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلماستىن ئىبادەتلەر ئارقىلىق ئاللاھقا شۈكۈر قىلىشتۇر، ئاللاھنى ئۇنۇتماستىن ياد ـ ئېتىپ زىكىر قىلىشتۇر.

ياخشى ئەمەللەر ئازايسا، ئىمان سۇسلىشىدۇ. ياخشى ئەمەللەر كۆپەيسە، ئىمان كۈچىيىدۇ. ئىمان توغرىسىدىكى مۆتىدىل كۆز قاراش مانا بۇدۇر. — ئىمام ئىبنى باتتال

كىمكى ئۆلۈمدىن كېيىنمۇ ياخشى ئەمىلىنىڭ توختاپ قالماي داۋاملىشىشىنى ئۈمىد قىلسا شەرئىي ئىلىم تارقاتسۇن. — ئىمام ئىبنۇل جەۋزى

مۇسۇلماننىڭ بىر ھاجىتىنى راۋا قىلىشىم مەن ئۈچۈن مىڭ رەكئەت (نەپلە) ناماز ئوقۇغاندىن سۆيۈملۈكتۇر. — ھەسەن بەسرى رەھىمەھۇللاھ

مەن بىرەر ھەدىسنى تاكى ئۆزۈم ئەمەل قىلمىغۇچە يېزىپ خاتىرلىمىدىم (يەنى مەن خاتىرىلىگەنلىكى ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزۈم ئەمەل قىلغان ھەدىسلەردۇر.) ھەتتا ماڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قان ئالدۇرۇپ، قان ئالغۇچىغا بىر دىنار بەرگەنلىكى توغرىسىدىكى ھەدىس يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ قان ئالدۇرۇپ، قان ئالغۇچىغا بىر دىنار بەردىم.

— ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھ

ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ناچىرى بىلگىنىگە ئەمەل قىلمايدىغانلاردۇر. بۇنداقلار دىن ھەققىدە ھېچقانداق مەرىپەتكە ئىگە بولمىغان جاھىللاردىنمۇ پەسكەشتۇر.

— ئەللامە ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ

ئەگەر ئاللاھ ساڭا كېچىلىك ناماز ئوقۇش نېمىتى ئاتا قىلغان بولسا، كېچىسى ئۇخلىغان كىشىگە ياراتماسلىق نەزىرىدە قارىما. چۈنكى، سەن كېچىلىك

ناماز ئوقۇغاندا ئۇخلىغان كىشى ئاللاھقا سەندىن يېقىنراق بىرى بولۇشى مۇمكىن.

— ئىمام ئىبنى قەييىم

ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرىدىغان تۈنجى قەدەم — كىشىنىڭ ئۆز نەپسىنى قۇربانلىق قىلىشىدۇر. يول مانا مۇشۇ. بۇ يولدا ماڭىدىغانلار قەيەردە؟

— ئىمام ئىبنۇل جەۋزى

كىمكى ئۆز تىلىنى غەيۋەتكە ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىززەت ـ نومۇسىنى زېدىلەشكە، مۇسۇلمانلارنىڭ خاتالىق، ئەيىپ ـ نۇقسانلىرىنى كوچىلاشقا قويىۋەتسە، ئاللاھ ئۇنىڭ تىلىنى ئۆلۈم پەيتىدە شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتىشتىن توسۇپ قويىدۇ.

— ئىمام ئىبنۇل جەۋزى

مۇسىبەتلەر ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئەسلا ئۈمىدىڭنى ئۈزمىگىن. — ئىمام ئىبنۇل جەۋزى

سەن شۇنداق بىر كۈن ئۈچۈن (كۆپلەپ سالىھ) ئەمەل قىلغىنكى، ئۇ سەن كۈلىدىغان، باشقىلار يىغلايدىغان كۈن بولسۇن. (بۇ سالىھ ئىنساننىڭ ۋاپات تاپقان كۈنىدۇر.) — ئىمام ئىبنۇل جەۋزى

بىر سائەتلىك لەززەتنى دەپ جەننەتنىڭ ۋە ئۇنىڭدىكى بارچە نېمەتلەرنى سېتىۋەتكەن كىشى قانداقمۇ ئاقىل ھېسابلانسۇن؟ — ئىمام ئىبنى قەييىم

شەكسىزكى، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يىغىسىنىڭ، يەنى جەننەتتىن زېمىنغا چۈشۈرۈۋېتىلگەن چاغدىكى يىغىسىنىڭ دەھشىتىنى باشقا ھېچكىمنىڭ يىغىسى بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېغىر قايغۇ ـ ھەسرەتكە مۇپتىلا بولۇشى سەۋەبلىك يىغلىشى ھەرگىزمۇ نوقۇل ھالدا جەننەتتىن ئايرىلىپ قالغانلىق سەۋەبلىك ئەمەس. ئەكسىچە، ئادەم ئەلەيھىسسالام جەننەتنىڭ رەببىدىن يىراقلاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن يىغلىغان.

— ئىمام ئىبنۇل جەۋزى

دۇئالارنىڭ قوبۇل بولۇشى (ئەسلى) كېچىكمەيدۇ. بىراق، دۇئايىڭنىڭ ئىجابەت بولۇش يولىنى سەن گۇناھلار بىلەن توسىۋالىسەن.

— ئىمام ئىبنى رەجەب

ھېكمەت دېگەن — توغرا ئىشنى، توغرا ئۇسۇلدا، توغرا ۋاقىتتا قىلىشتۇر.

— ئىمام ئىبنى قەييىم

مەن ئىنسانىنىڭ باشقىلار ھەققىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ، ئۆزى ھەققىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈشنى ئۇنتۇپ قېلىشىدىن ھەيرانمەن. — ئىمام ئىبنۇل جەۋزى

ئەمەلسىز ھالدا دۇئا قىلغان كىشى، يايسىز ھالدا ئوق ئاتقۇچىغا ئوخشاشتۇر.

— ۋەھب ئىبنى مۇنەببىھ رەھمەھۇللاھ

تىلىڭنى ئاللاھنىڭ زىكرىگە قويۇپ بېرىش ئارقىلىق ئازاد قىلغىن. ئەگەر بۇنداق قىلىشقا قۇربىڭ

**يەتمىسە، ئۇ هالدا، ھېچبولمىغاندىمۇ تىلىڭنى باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى \ يامان سۆزىنى قىلىشتىن بولسىمۇ ساقلاپ قالغىن. — ئىمام ئىبنۇل جەۋزى**

**كەمتەرلىك — ھەق كىمدىن كەلسە كەلسۇن، كىچىك بالىدىن كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئۆزۈڭگە كەلگەن ئۇ ھەقنى قوبۇل قىلىشىڭدۇر. ھەر كىمگە ھەق مەيلى كىچىك، مەيلى چوڭ؛ ياكى ئۆزى ياخشى كۆرگەن ياكى ياخشى كۆرمىگەن كىشىدىن كەلسۇن، ئۆزىگە كەلگەن ھەقنى قوبۇل قىلسا، بۇنداق كىشى كەمتەر كىشىدۇر. كىمكى ھەقنى قوبۇل قىلمىسا، ئۇ كىبىر ئىگىسىدۇر. — ئىمام ئىبنى رەجەب**

**ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ پەزىلىتى نەپلە ناماز ئوقۇشدىن ئۈستۈندۇر. — ئىمام شافىي**

**دۇنيا ئەمەل ـ ئىبادەت ماكانىدۇر. ئاخىرەت بولسا جازا ـ مۇكاپات ماكانىدۇر. دۇنيادا ئەمەل ـ ئىبادەت قىلمىغۇچى ئاخىرەتتە ھەسرەتتە قالىدۇ.**

**— ئىمام ئەھمەد**

**ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بۇ شەرئىي ئىلىمنى ئۆگىنىشنى ۋە بۇ ئىلىمنىڭ ماڭا ھېچنەرسىنى نىسبەت بەرمەسلىكىنى ئارزۇ قىلىمەن. — ئىمام شافىي**

**كىمنىڭ بىر قۇرئانى بولسا، قۇرئاندىن ھەر كۈنى ئۆزىگە ئاسان توختىغىدەك رەۋىشتە تىلاۋەت قىلىپ تۇرسۇن. بۇ ئارقىلىق قۇرئانى تاشلاندۇق قىلىپ قويغۇچىلار جۈملىسىدىن بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىپ قالسۇن. — ئىمام ئىبنۇل جەۋزى**

گۈلىستان

# سىزنى تېخىمۇ ياخشى رەھبەرگە ئايلاندۇرىدىغان سەككىز خىل ئىجتىمائىي ئاڭ ئىستراتېگىيەسى



جەنىت سپىرمونت

# سىزنى تېخىمۇ ياخشى رەھبەرگە ئايلاندۇرىدىغان سەككىز خىل ئىجتىمائىي ئاڭ ئىستراتېگىيەسى

جەنېت سىپېرىمونت

سىز بەلكىم ھېسسىي ئەقىلنىڭ (EQ) مۇھىملىقىدىن خەۋەردار بولۇشىڭىز مۇمكىن. لېكىن، سىز ھېسسىي ئەقلىڭىزنى كۈچەيتىش ئۈچۈن كېرەكلىك ماھارەتلىرىڭىزنى تاكامۇللاشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆردىڭىزمۇ؟ ئىجتىمائىي ئاڭ (Social awareness) بۇ جەھەتتىكى ئاچقۇچلۇق ئامىلدۇر.

«ھېسسىي ئەقىل 2.0» دېگەن كىتابقا كۆرە، ئۆزلۈك ئېڭى «ئۆزىڭىزنى بىلىش ۋە چۈشىنىش ئۈچۈن ئىچكى دۇنيارىڭىزغا نەزەر سېلىشنى كۆرسەتسە، ئىجتىمائىي ئاڭ باشقىلارنى چۈشىنىش ۋە قەدىرلەش ئۈچۈن تاشقى دۇنياغا نەزەر سېلىشنى كۆرسىتىدۇ». يەنى ئىجتىمائىي ئاڭ باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىنى تونۇش ۋە چۈشىنىشنى ئاساس قىلىدۇ.

ئىجتىمائىي ئاڭ سىزدىن «ھازىر»دا ياشاشنى، يەنى كاللىڭىزدىكى قالايمىقان خىياللارنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئاكتىپ رەۋىشتە قۇلاق سېلىش ۋە كۆزىتىشنى مەشىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. تۆۋەندە ئىجتىمائىي ئېڭىڭىزنىڭ كۈچىيىشىگە ۋە تېخىمۇ ياخشى رەھبەر بولۇشىڭىزغا تۈرتكە بولىدىغان سەككىز خىل ئىستراتېگىيەنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

كۆپىنچىمىز ئۆزىمىزنى باشقىلارنىڭ سۆزىگە ئەستايىدىل قۇلاق سالغۇچىلاردىن دەپ قارايمىز. لېكىن، رېئاللىق شۇكى، بىز ئادەتتە باشقىلارنىڭ گېپىگە ھەقىقىي رەۋىشتە قۇلاق سېلىشنىڭ ئورنىغا، ئۇنىڭ سۆزى تۈگىگەندە قانداق ئىنكاس قايتۇرۇش ھەققىدە كاللا قاتۇرۇپ ئولتۇرىمىز.

ئەستايىدىل قۇلاق سالغۇچى باشقىلارنىڭ سۆزىنى تولۇق ئاڭلاپ بولماي تۇرۇپلا، مەلۇم بىر خىل ئەھۋالنى بىلدىم ياكى چۈشەندىم، دەپ قارىۋالمايدۇ. ئۇلار قارشى تەرەپنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالىدۇ، ئەھۋالنىڭ ھەقىقىتىنى ئاڭقىرىشقا تىرىشىدۇ، ئاندىن شۇنى چۆرىدىگەن ھېسسىياتلارنى تەھلىل قىلىدۇ.

سىز (قارشى تەرەپنىڭ سۆزلىرىگە قانداق ئىنكاس قايتۇرۇشنى ياكى باشقا ئىشلارنى ئويلاپ يۈرمەي) قەلبىڭىزنى ئازادە تۇتۇپ، ھەقىقىي رەۋىشتە قۇلاق سالسىڭىز، خىزمەتچى ـ خادىملىرىڭىز ۋە تەشكىلاتىڭىز ھەققىدە ھەيران قالارلىق چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولۇشىڭىز ۋە ئۆزىڭىز ئېرىشكەن شۇ ئۈچۇرلار ئارقىلىق ئىشلارنى قايسى دەرىجىدە ئۈنۈملۈك يۈرۈشتۈرەلەيدىغانلىقىڭىزدىن ھاڭ ـ تاڭ قېلىشىڭىز مۇمكىن.

سىز قارشى تەرەپنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالدىم دەيسىز، ئەمما بۇنى ئىسپاتلىيالامسىز؟

دېيىلگەن گەپلەرنى چۈشىنىشىڭىزگە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئاڭلىغانلىرىڭىزنى ئۆز سۆزىڭىزگە ئايلاندۇرۇپ تەكرارلاش ۋە ـــ ئەگەر شارائىت مۇۋاپىق بولسا ـــ تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرلارنى سوراشتۇر. بۇ سىزنىڭ دېيىلگەن گەپلەرنى چۈشەنگەنلىكىڭىزنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ ھەمدە قارشى تەرەپكە ئۆزلىرىنىڭ پىكرىنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

مەسىلەن ئېيتايلۇق، بىر خىزمەتچى سىزگە ئۆز گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ خىزمەتنى تاماملىشىغا پەقەت ئۈچ كۈنلا ۋاقىت بېرىلگەچكە، تۈرنىڭ كېچىكىپ تاماملانغانلىقىنى ئېيتتى.

بۇنىڭغا جاۋابەن سىز «چۈشەندىم. دېمەك، سىلەرگە ۋەزىپىنى تاماملاشقا ئىمكان بولمىغۇدەك دەرىجىدە ئاز ۋاقىت بېرىلگەچكە، بۇ تۈر كېچىكىپ تاماملىنىپتۇ. ئۇنداقتا، كەلگۈسىدە بۇنداق ئەھۋالدىن قانداق ساقلىنالايمىز؟» دېسىڭىز بولىدۇ.

نەتىجىدە، بۇ خىل پائال قۇلاق سېلىش رەھبەرلەر بىلەن خىزمەتچىلەر ئوتتۇرىسىدا تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش ۋە ئىشەنچنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ.

سىزنىڭ مەلۇم سۆزلەرنى قىلغاندىكى ئاھاڭىڭىز سەۋەبلىك، ئېرىشىلىدىغان نەتىجە ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىنىشى مۇمكىن.

مەسىلەن، بىر خىزمەتچى ھاياجانلانغان ھالدا «چاتاق يوق!» دەپ ۋارقىرىسا، بۇنىڭ تەسىرى ئوخشاش گەپنى غودۇڭشىپ تۇرۇپ دېگەنگە ھەرگىز ئوخشىمايدۇ.

خىزمەتچىلىرىڭىزنىڭ كەيپىياتىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ سۆزىنىڭ تېگىدىكى (خۇشاللىق، خاپىلىق دېگەندەك) تۈرتكىلەرگە دىققەت قىلىڭ. بولۇپمۇ يۈز تۇرانە ئۇچراشمايدىغان تور يىغىنلىرىدا بۇ نۇقتا بەك مۇھىم. كىشىلەرنىڭ ئاھاڭى ئۇلارنىڭ كەيپىياتىدىن دېرەك بېرەلەيدۇ ۋە سىزنى ئۇلارغا ئەڭ مۇۋاپىق تەرزدە ئىنكاس قايتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئەڭ ياخشى رەھبەرلەر باشقىلارنىڭ كەيپىياتى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلايدۇ.

**4. چىراي ئىپادىلىرىنى ۋە بەدەن تىلىنى كۆزىتىڭ**

تىلدىن تاشقىرى يىپ ئۇچلىرىغىمۇ دىققەت قىلىڭ. سىز چوقۇم چىراي ئىپادىسى ۋە بەدەن تىلى قاتارلىق ئامىللارغا دىققەت قىلىشىڭىز كېرەك. گەرچە بۇنداق قىلىش جاپالىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭمۇ ئالاھىدە ياخشى بولىدۇ.

مەسىلەن، سىز بىر خىزمەتچىڭىزدىن مەلۇم بىر ئىشنى مۇزاكىرە قىلغۇدەك ۋاقتى بار-يوقلۇقىنى سورىسىڭىز، ئۇ «ئەلۋەتتە، پاراڭلاشساق بولىدۇ» دېسە-يۇ، لېكىن گەپ ئارىلىقىدا قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ قالغان بولسا، دېمەك ئۇنىڭ بەدەن تىلى سىزگە شۇ پەيتنىڭ پاراڭلىشىشقا مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى بىلدۈرگەن بولىدۇ.

بۇ خىل ئەھۋالدا، سىز: «قارىسام ۋاقتىڭىز سەل قىستەك تۇرىدۇ. ھېلىراق پاراڭلاشساق سىز ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى بولامدۇ، قانداق؟» دېسىڭىز بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا، خىزمەتچىڭىز ئۆزىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا ئانچە دەخلىسى يوق ۋاقتنى تاللىيالايدۇ.

### 5. ئىشخانىنىڭ كەيپىياتىغا ھەرۋاقىت دىققەت قىلىڭ

ئىشخانىدىكى كەيپىياتنى ھېس قىلالامسىز؟ خىزمەتچىلىرىڭىز ئۆز ھېسسىياتىنى سىزگە بىۋاستە ئېيتمىغان ياكى بىلدۈرمىگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىنى ھېس قىلالامسىز؟

كۆزىتىش ماھارىتى ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ ئاساسىدۇر. ئەتراپىڭىزدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا يېقىندىن دىققەت قىلسىڭىز، شۇنىڭدىن شەكىللەنگەن (ئەتراپىڭىزدىكى ئەھۋاللارغا بولغان) تونۇشىڭىز ئوخشىمىغان مەسىلىلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بەلگىلىشىڭىزگە ياردەم بېرىدۇ.

مەسىلەن، خىزمەتچىلىرىڭىزنىڭ ئىشخانىلىرىنىڭ كەيپىياتى قانداقراق؟ خىزمەت سالمىقى بىلەن كۆڭۈل ئازادىلىكى مۇۋاپىق تەڭپۇڭلاشقانمۇ ياكى بىر تەرەپكە بەك ئېغىپ كەتكەنمۇ؟ خىزمەتلەر بەك بېسىپ ئىشلەنگەنلىكتىن، خىزمەتچىلەرنىڭ بېسىمى ئېشىپ، ھالىدىن كەتكەنمۇ؟ ياكى كۆڭۈل ئازادىلىكنى قوغلىشىپ، خىزمەتلەر تاشلىنىپ قالغانمۇ؟

تەشكىلاتىڭىزنىڭ كەيپىياتى ۋە رىتىمىنى چۈشىنىش خىزمەتچىلىرىڭىز بىلەن ياخشى تەڭپۇڭلۇق بەرپا قىلىشتىكى ئەڭ ياخشى ئىستراتېگىيەنى بەلگىلىشىڭىزگە ياردەم بېرىدۇ. مەسىلەن، گۇرۇپپىڭىزدىكىلەر ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن بولسا، خىزمەتنى سىرتقا ھۆددىگە بېرىشكە ياكى قايتىدىن تەقسىم قىلىشقا بولامدۇ، يوق؟ ياكى سىز شۇ خىزمەتنى يەنىلا شۇلارغا تاپشۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، نورمىدىن ئارتۇق خىزمەتنى تاماملىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى چۈشلۈك تاماق بىلەن مېھمان قىلىشىڭىز كېرەكمۇ، قانداق؟ ئەكسىچە، ئەگەر بەزى خىزمەتلەر تاماملانمىغان بولسا، گۇرۇپپىڭىزدىكىلەرنىڭ ئىجابىي مۇناسىۋىتىنى زېدىلىمىگەن ھالدا، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ۋە زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈشكە ياردەم قىلىڭ.

شۇنداق قىلسىڭىز، خىزمەتچىلىرىڭىز ۋەزىپە پىلانىنى قايتىدىن تۈزۈپ ئالدىڭىزغا قويغاندا، سىز كىمنىڭ شۇ ۋەزىپىنى تاماملىغۇدەك ۋاقتى بارلىقىغا ۋە بۇ ئىشنى قىلىشقا ھەممىدىن بەك ماس كېلىدىغانلىقىغا ئېنىق ھۆكۈم چىقىرالايسىز، شۇنداقلا بۇ ۋەزىپە ئۈچۈن رېئال ۋاقىت جەدۋىلى تۈزەلەيسىز.

ئىشخانىلارنىڭ كەيپىياتىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلسىڭىز، بۇنداق قارارلارنى چىقىرىشىڭىز تېخىمۇ ئاسانغا توختايدۇ.

**6. ئىنچىكە ھالقىلارغا دىققەت قىلىڭ**

ئەگەر خىزمەتچىلىرىڭىز بىلەن ئالاقە ئورناتماقچى بولسىڭىز، ئەتراپىڭىزدىكى مۇھىتنى ياخشى كۆزىتىپ، كۆز ئالدىڭىزدا نېمە ئىشلار يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى ھەقىقىي تۈردە كۆرۈپ يېتىشىڭىز كېرەك.

پات ـ پات ئىشخانىلارنى ئايلىنىپ، نېمە ئىشلار بولۇۋاتقانلىقىنى كۆزىتىڭ. بۇنىڭدىكى مەقسەت خىزمەتچىلەرگە كۆرۈنۈپ قويۇش ئەمەس، بەلكى خىزمەتچىلىرىڭىزنى «ئادەم» سۈپىتىدە تونۇش ۋە كۆپچىلىكنىڭ كەيپىياتىدىن ۋاقىپلىنىشتۇر.

خىزمەتچىلىرىڭىزدىن ئۇلارنىڭ ھالىغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىڭىزنى بىلدۈرىدىغان سوئاللارنى سوراڭ. مەسىلەن، مەلۇم بىر خىزمەتچىڭىزدىن «ئۈستىلىڭىزدىكى گۈلنى يېڭىدىن قويغان ئوخشىمامسىز؟» دەپ سورىسىڭىز بولىدۇ.

**7. ئۆتۈپ كېتىۋاتقاچ مۇزاكىرىلىشىشتىن ساقلىنىڭ**

سىز ئىشخانىلاردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ئۇچراتقان خىزمەتچىلىرىڭىز بىلەن «قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار تىزىملىكىڭىز»دىكى مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلغۇڭىز كېلىشى مۇمكىن.

لېكىن، ئۆتۈپ كېتىۋاتقاچ يىغىن ئېچىشتىن ئىمكانقەدەر ساقلىنىڭ. ئەگەر مەلۇم بىر تېمىدا خىزمەتچىلىرىڭىز بىلەن مۇزاكىرىلەشمەكچى بولسىڭىز، سۆھبەتنى باشلاشتىن بۇرۇن، تاللىغان پەيتىڭىزنىڭ ئۇيغۇن ياكى ئەمەسلىكى ھەققىدە ئويلىنىڭ.

مەسىلەن، سىز ئىشخانىلاردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، مەلۇم بىر خىزمەتچىڭىز ناھايىتى تىرىشىپ ئىشلەۋاتقان ۋە قىزغىنلىقى تولۇپ ـ تاشقاندەك كۆرۈنگەن بولسا، ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلمەڭ. لېكىن، كېيىنكى قېتىم ئۇنى كۆرگەندە، «بايا قارىسام بەكلا باش چۆكۈرۈپ ئىشلەۋېتىپتىكەنسىز، بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇرسەن بولدۇم» دېسىڭىز ۋە ئاندىن ئۇنىڭدىن قاچان قىسقىغىنە مۇزاكىرىلەشكۈدەك ۋاقتى چىقىدىغانلىقىنى سورىسىڭىز بولىدۇ.

شۇنداق قىلسىڭىز، ھەم ئۇنىڭ خىزمەت رىتىمىغا دەخلى قىلمايسىز، ھەم ئۇنىڭ ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى بايقىغانلىقىڭىزنى ئۆزىگە بىلدۈرەلەيسىز.

**8. خاتىرە قالدۇرۇشنى توختىتىڭ**

گەرچە ئۇنىۋېرسىتېتلاردا خاتىرە (كونسپېك) قالدۇرۇش ناھايىتى مۇھىم بولسىمۇ، كەسپىي خىزمەت ئورنىدا بۇنداق قىلىش ئويلىمىغان سەلبىي ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

دەپتىرىڭىزگە خاتىرە قالدۇرۇش بىلەن ئالدىراش بولسىڭىز، (سىز خەت يېزىۋاتقان) شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقان مەلۇم مەزمۇنلارغا دىققەت قىلالماي قالىسىز. شۇڭا يىغىندا قەلەم ـ قەغەزنى قولىڭىزغا ئېلىۋالماي، باشقىلار بىلەن پائال پىكىرلىشىڭ.

شۇنداقلا، خىزمەتچىلىرىڭىزنىڭ قانداق ۋاقىتتا مەلۇم تېمىنى ئۆزلىرى بىلەن مۇناسىۋەتسىز دەپ قاراپ يىغىن زالىدىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىغا ياكى ئاللىقانداق تېمىلار سەۋەبلىك يىغىن كەيپىياتىنىڭ جىددىيلىشىپ كەتكەن ـ كەتمىگەنلىكىگە دىققەت قىلىڭ.

ئەگەر سىز بۇ خىل ئەھۋاللارغا يولۇقسىڭىز، مۇزاكىرىگە ئىشتىراك قىلىپ، ئۇنى تېخىمۇ ئىجابىي يۆنىلىشكە باشلىسىڭىز ياكى تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق مەسىلىلەرنى قېزىشقا ئۇرۇنسىڭىز بولىدۇ.

## مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ئارقىلىق ئالغا بېسىش

رەھبەر بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن، ئەگەر سىزدە ئىجتىمائىي ئاڭ بولمىسا (ياكى تۆۋەن بولسا)، خىزمەتچىلىرىڭىز سىزنى ئۆزىنىڭ كۆنتەرتىپى بويىچىلا ئىش قىلىپ، ئۇلارنىڭ پىكىرىگە پەرۋا قىلمايدۇ دەپ قاراپ قېلىشى مۇمكىن.

خىزمەتچىلەر ئۆز خىزمىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان قارارلارغا ئىشتىراك قىلىشنى خالايدۇ. ئۇلار رەھبىرىنىڭ ئۆزلىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ۋە ئىشىنىشكە بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلسا، خىزمەتنى تېخىمۇ بېرىلىپ ئىشلەيدۇ.

سىز ئەستايىدىل قۇلاق سېلىش ۋە كۆزىتىش ماھارىتىڭىزنى نامايان قىلىش ئارقىلىق، خىزمەتچىلىرىڭىز بىلەن ئۆزئارا ئىشەنچ ۋە چۈشىنىش ھاسىل قىلالايسىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىزمەتچىلىرىڭىز خىزمەتكە تېخىمۇ بېرىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەشكىلىي نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا قانداق ھەسسە قوشالايدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئوبدان چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.insperity.com/blog/social-awareness/



# ئىككىنچى جۇمھۇرىيەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا قەتلى قىلىنىشى

قەھرىمان غوجامبەردى

# ئىككىنچى جۇمھۇرىيەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا قەتلى قىلىنىشى

قەھرىمان غوجامبەردى

## ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى (1944 ـ 1949) ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا قەتلى قىلىنىشى

### 1. 1944 ـ 1949 ـ يىللاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ۋە ماھىيىتى

ئۇيغۇرىستانلىقلارنىڭ[1] 1944 ـ 1949 ـ يىللاردىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ـ بۇ مۇستەقىللىق ئۈچۈن بولغان قوراللىق كۈرەش، ئۇنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ئۇيغۇرىستاندا (شەرقىي تۈركىستاندا) خىتاي مۇستەملىكە تۈزۈمىنى غۇلىتىپ، ۋەتەننى ئازاد قىلىشتىن ئىبارەت، مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتىنى قۇرۇشتىن ھەم يەرلىك خەلقلەرنى ساقلاپ قېلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن شارائىت يارىتىشتىن ئىبارەت بولغان ئىدى. بۇ خۇلاسىنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ 1945 ـ يىلى 5 ـ يانۋاردا ئۆزىنىڭ تۆتىنچى نومۇرلۇق قارارىدا ئېلان قىلغان توققۇز ماددىلىق خىتاپنامىسىنىڭ 1 ـ ۋە 2 ـ ماددىلىرى ھەمدە ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى ۋە مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىرى ئەلىخان تۆرە ساغۇنىينىڭ، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ھەر خىل يىغىن ۋە يىغىلىشلاردا سۆزلىگەن سۆزلىرى تولۇق ئىسپاتلايدۇ. مەسىلەن: خىتابنامە ماددىلىرىدا:«1. شەرقىي تۈركىستان تەۋەسىدە خىتاينىڭ مۇستەملىكە ھاكىمىيىتىنى تولۇق، تۈپ يىلتىزىدىن ئۈزۈل ـ كېسىل قومۇرۇپ تاشلاش؛ 2. شەرقىي تۈركىستاندا ياشايدىغان بارلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ئاساسىدا، ئەركىن، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش» دەپ جاكارلانغان.(7) ئەخمەتجان قاسىمى ھەر خىل ئاممىۋىي سورۇنلاردا سۆزلىگەن نۇتقىدا:«نىشان — ئىنقىلابىمىزنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە ئېيتىلغان شوئارغا بىنائەن — مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى تىكلەش ئىدى.» «بىزنىڭ ئىنقىلابىمىز باشتا

[1] ئاپتور ئەسىرىدە «ئۇيغۇرىستان» ئاتالغۇسىنى ئىشلەتكەن بولۇپ، ئاپتور ئىشلەتكەن بۇ ئاتالغۇ ژۇرنىلىمىزدا ئۆز پېتى قوللىنىلدى.

**شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىستىقلالىيىتى ئۈچۈن باشلاندى»؛ «بۇ قوزغىلىڭىمىز ئىنسانىي مۇئامىلىدىن مەھرۇم بولغان خەلقىمىزنىڭ سىياسىي ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قىلغان قوزغىلىڭى ئىدى.»(8)**

**1944 ـ يىلى ئاپرېلدا قۇرۇلغان ئۇيغۇر سىياسىي تەشكىلاتى «ئازادلىق تەشكىلاتى» مۇستەقىللىق ئۈچۈن قوزغالغان ھەرىكەتكە رەھبەرلىك قىلدى. شىمالدىكى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئاممىۋى قوراللىق قوزغىلىڭى ۋە ئۇنىڭ ئېرىشكەن غالىبىيىتى نەتىجىسىدە «ئازادلىق تەشكىلاتى»نىڭ رەھبەرلىكى تەرىپىدىن 1944 ـ يىلى 12 ـ نويابىردا مۇستەقىل دۆلەت — شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئېلان قىلىنىپ، ئۇنىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋەتەننىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن تۇتقان سىياستى، سىياسىي خىتابنامىسى ۋە ئادالەتلىك قانۇنلىرى مىللىي ئارمىيەگە كەڭ خەلق ئاممىسىنى جەلپ قىلدى، ئۇنى ناھايىتى جەڭگىۋار ۋە قابىلىيەتلىك قىلدى. بۇ بولسا گومىنداڭ خىتاي ئارمىيەسىگە بىر نەچچە قېتىم قاقشاتقۇچ زەربە بېرىشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. 1945 ـ يىلى ئۆكتەبىرغىچە بىر مىليون ئادەمدىن ئارتۇق ئاھالىسى بار 300 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرغا يېقىن زېمىن، يەنى ئۈچ ۋىلايەت تولۇق ئازاد قىلىندى. ئازادلىق كۆرىشىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى — ئۇيغۇر مىللىي بۇرژۇئازىيەسى، زىيالىيلار، دىنىي زاتلار ھەمدە ئىلغار دېھقانلار بىلەن چارۋىچىلار بولدى. ئۇلار تۈركىي مۇڭغۇل مىللەتلىرىنىڭ: ئۇيغۇر، قىرغىز، قازاق، ئۆزبېكلەرنىڭ، مۇڭغۇل، تاتار ۋە ئۇيغۇرىستاننىڭ باشقا خەلقلىرىنىڭ بارلىق سىنىپلىرى، تەبىقىلىرى بىلەن قاتلاملىرىغا ۋەكىللىك قىلدى. 1949 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى دېموكراتىك ئۇيغۇر رېسپۇبلىكىسى سۈپىتىدە تەرەققىي قىلدى. ئۇ پۈتۈن ئۇيغۇرىستان ئاھالىسىنىڭ يۈكسەك مۇھەببىتىگە ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان ئىدى. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي مىللىي ئىدىيەسى — مۇستەقىللىق، جۇمھۇرىيەت خەلقلىرىنىڭ باراۋەرلىكى، دېموكراتىيە، دىنىي ئەركىنلىك ۋە دوستلۇق بولغان ئىدى. شۇ دەۋردە مىللىي مۇستەقىللىق ئىدىيىسى مىللىتىمىزنىڭ ئاڭ ـ سېزىمىدە مەۋجۇت بولۇپ، ئۇ سىرتتىن كېلىپ قالغان ئەمەس. ئومۇمەن، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى 1949 ـ يىلى كۈزنىڭ بېشىدا ئۈچ ۋىلايەتتىن باشقا ئۇيغۇرىستاننىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزگەن، دېموكراتىك سېستىمىلىرى ئانچە تەرەققىي قىلمىغان بولسىمۇ، سايلىنىدىغان ھاكىمىيەت ئورگانلىرىغا ئىگە ئىدى. ئىنسان ھوقۇقلىرىغا قەتئىي رىئايە قىلىدىغان، بارلىق مىللەت پۇراقلىرىنىڭ باراۋەرلىك قانۇنىي ئاساستا تەمىنلەنگەن، شۇنداقلا، دىنىي ئەركىنلىك كاپالەتلەنگەن، ئەركىن بازار ئىقتىسادى ۋە مىللىي مەدەنىيەت تۇراقلىق تەرەققىي قىلىۋاتقان، رېسپۇبلىكىلىق باشقۇرۇش شەكلىدە تىكلىنىۋاتقان دۆلەت بولغان ئىدى. شۈبھىسىز، ئۇ ئۆز مۇستەقىللىقىنى قوراللىق يول بىلەن قوغداشقا قادىر بولۇپلا قالماي، بەلكىم دۈشمەن ھۇجۇم قىلغاندا پۈتۈن ۋەتەن دائىرىسىدە قۇدرەتلىك مىللىي ئازادلىق كۆرىشىگە ئاتلىنىشقا ھەمدە ئۇيغۇرىستاننى ئۆزۈل ـ كېسىل ئازاد قىلىشقا قادىر ئىدى. ئەمدى، ئاخىرقى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ پاجىئەلىك تارىخىنى تەتقىق قىلايلى.**

## 2. ستالىن ۋە ماۋنىڭ مەخپىي تىل بىرىكتۈرۈشى ۋە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەركىزى غۇلجىغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەم خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تېررورلۇق-جاسۇسلۇق خىزمەت خادىملىرىنىڭ كېلىشى

ماۋ زېدۇڭ 1949-يىلىنىڭ بېشىدا، يەنى ئەمەلىيەتتە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى خىتايدا ھاكىمىيەت ئۈستىگە كەلگەندە، ئۇيغۇرىستان مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. شۇ كەمگىچە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىرىنىڭ ئەخمەتجان قاسىمى ئەپەندىم باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىغان ئىدى. ماۋ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مەسىلىسىنى پەقەت سوۋېت سوتسىيالىستىك رېسپۇبلىكىلار ئىتتىپاقىنىڭ لىدېرى ستالىن بىلەن كېلىشىش، ھەمكارلىشىش ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى، يەنى ئۇيغۇرىستاننى ئىشغال قىلىشقا ئىمكان پەيدا بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن. لېكىن، ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلى، بۇ ھەربىي-سىياسىي ھەرىكەتنى بىر-ئىككى يىلدىن كېيىن ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بولىدۇ دەپ پىلانلىغان. ئەمما ستالىن 1948-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ۋە 1949-يىلىنىڭ بېشىدا رازۋېدكا ۋە دىپلومات ئورگانلىرى، ئاساسەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى باش كونسۇلى ۋە غۇلجىدىكى كونسۇلى ھەم ئۇيغۇرىستاندىكى مەخپىي جاسۇسلىرى تەرىپىدىن ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ ئىلى تەۋەسىدە بىر گۇرۇپپا ھەربىي مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ پەيدا بولغانلىقى ۋە ئۈرۈمچىدىكى ئا ق ش كونسۇلىنىڭ سابىق شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى، يېڭىباشتىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ چوڭ قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنى تەشكىللىگەن ئوسمان ئىسلام بىلەن ئالاقە باغلىغانلىقى ھەمدە ئۇنىڭغا ماددىي ياردەم بېرىشنى باشلىغانلىقى توغرىسىدا دوكلات تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ ۋاقىتتا، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇش دەۋرىدە فاشىزم كۈچلىرىگە قارشى ئىتتىپاقداش بولغان ئا ق ش بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىپوماتىك مۇناسىۋەتلىرى كەسكىنلىشىپ، بىر-بىرى بىلەن جىددىي رىقابەتلىشىش ھەتتا دۈشمەنلىشىش ھالىتىگە بېرىپ قالغان ئىدى. پۈتكۈل دۇنيا بۇ ئىككى چوڭ دۆلەتنىڭ تەرەپدارلىرىغا بۆلۈنۈپ، ئىككىسى بىر-بىرىگە قارىمۇ قارشى لاگېرغا، يەنى كاپىتالىستىك ۋە سوتسىيالىستىك سىستېمىلارغا بۆلۈنۈشكە باشلىغان ئىدى. شۇڭا، ئۇيغۇرىستاندا ئا ق ش نىڭ تەسىرىدىكى مۇستەقىل دۆلەتنىڭ پەيدا بولۇشىدىن قاتتىق چۆچۈگەن ستالىن، بۇ ۋەقەنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، شۇنداقلا 400 مىليوندىن ئارتۇق ئاھالىسى بار خىتايدا رەسمىي سىياسىي سەھنىگە چىقىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىرى بىلەن دوستلۇقنى ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ماۋزېدۇڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئۇيغۇر زېمىنىگە بېسىپ كىرىشىگە ياردەم بېرىشنى توغرا كۆرىدۇ. ئەسلى ستالىن 1945-يىلى ماي، ئىيۇن ۋە ئىيۇل ئايلىرىدا، تەكرار-تەكرار سىرتقى كۆرۈنۈشتە يالتا يىغىنىغا (سوۋېت ئىتتىپاقى، ئا ق ش ۋە ئەنگلىيە ئىشتىراكىدا، 1945-يىل 4-11-فېۋرال كۈنلىرى) ئاساسلىنىپ، مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى، يەنى ئۆزى خىتاي بىلەن بولغان مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەردە كوزىرلىق قارتا قىلىپ ئوينىغان

دۆلەتنى، گومنداڭ ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى رەسمىي جاكارلىغانلىقىنى رەسمىي جاڭ كەيشى ھۆكۈمىتىنىڭ مەسئۇللىرىغا ۋە ئۇنىڭ ھامىيچىسى ئا ق ش ۋەكىللىرىگە بىلدۈرگەن ئىدى. لېكىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1945 ـ 1946 ـ يىللىرى بەرگەن ناھايىتى كۆپ ھەربىي تېخنىكا ۋە قورال ـ ياراق ھەمدە ماددىي ۋە تەشكىلىي ياردىمى بىلەن قۇدرەت تاپقان ماۋ زېدۇڭنىڭ قىزىل ئارمىيەسى گومنداڭ ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئارمىيەسى ئۈستىدىن يېتەرلىك غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، ستالىن ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرىستانغا مۇناسىۋەتلىك ئىلگىرىكى قارارىدىن ۋاز كېچىپ، ئۆزۈل ـ كېسىل ماۋ تەرەپكە ئۆتكەن ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ستالىننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، 1949 ـ يىلى 29 ـ يانۋار كۈنى بېيجىڭغا ستالىننىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمى، سوۋېت سوتسىيالىستىك رېسپۇبلىكىلار ئىتتىپاقى ھۆكۈمەت رەئىسىنىڭ مۇئاۋىنى، تاشقى سودا مىنىستىرى ئاناستاس مىكويان ماۋ بىلەن مەزكۇر مەسىلە ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن ئۇچۇپ كېلىدۇ. 30 ـ يانۋاردىن 2 ـ فېۋرال كۈنلىرى داۋامىدا بېيجىڭ شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى ماۋنىڭ قارارگاھىدا، ئۇنىڭ بىلەن ئاناستاس مىكويان قەتئىي مەخپىي ھالدا كەلگۈسىدە ئىككى كوممۇنىستىك دۆلەت ئارىسىدا يۈز بېرىدىغان ئىستراتېگىيىلىك مۇناسىۋەتلەر توغرۇلۇق، شۇ جۈملىدىن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مەسىلىسىنى قانداق قىلىپ كوممۇنىستلارنىڭ ئەنئەنىۋىي ئۇسۇللىرى بىلەن بىر تەرەپ قىلىش، ئۇنى سىياسىي سەھنىدىن يوق قىلىش توغرۇلۇق سۆھبەت ئۆتكۈزگەن. مۇشۇ مۇناپىقلىق ھەم تىل بىرىكتۈرۈشنىڭ نەتىجىسىدە ئەخمەتجان قاسىملارنىڭ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەقدىرىنى بىر تەرەپ قىلىش، 1949 ـ يىلىنىڭ فېۋرال ئېيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ستالىن ۋە ماۋنىڭ مەخپىي تېررورلۇق خىزمەت ئورگانلىرىنىڭ ۋە ھەربىيلەرنىڭ ئىجرا قىلىشىغا تاپشۇرۇلدى. قوشۇمچە، سوۋېت ئىتتىپاقى ماۋنىڭ قىزىل ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇيغۇرىستاننى ئىشغال قىلىش جەريانىدا كېرەك بولىدىغان ھەربىي ترانسپورت ئاۋئاتسىيىسىنى ۋە برونېۋىكلارنى بېرىدىغانلىقىمۇ كېلىشىلدى. كېيىنرەك، موسكوۋادا مەزكۇر گېئوسىياسىي تەرەققىياتنىڭ قارشىلىرى بولدىمۇ، يا ختاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ بۇلاڭچى ئارمىيەسىنى ھەربىي يۈرۈشكە تەشكىللەش قىيىن بولدىمۇ ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىمۇ، ئەيتاۋۇر، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە قارشى 1949 ـ يىلى 14 ـ ئاۋغۇستقىچە ختاي كوممۇنىست پارتىيەسى تەرىپىدىن ھېچ بىر سىياسىي ئىغۋا، تەھدىت كەلمىدى. تاقەتسىزلەنگەن ختاي كوممۇنىستلىرىنىڭ داھىيسى ھىيلىگەر ماۋ، ئالتە ئايدىن كېيىن، ئىيۇل ئېيىدا موسكوۋاغا، مەزكۇر مەسىلىنى يەنە بىر قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن پىششىقلاش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئىككى ئالىي لاۋازىمى بىلەن مۇئاۋىنى ليۇ شاۋچىنى بىر توپ ۋەكىللەر، شۇ جۈملىدىن، ختاي كوممۇنىست پارتىيەسى ئەزاسى دېڭ لىچۈن بىلەن مەخپىي ئەۋەتىدۇ. موسكوۋادا ليۇ شاۋچى بىۋاستە ستالىن ۋە باشقا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بىلەن سۆھبەتتە بولىدۇ. مەزكۇر مۇزاكىرىلەر جەريانىدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مەسىلىسى ئوتتۇرىغا يېڭى باشتىن قويۇلىدۇ. نەتىجىدە ئىككى تەرەپ: ختايدا يېڭى كوممۇنىستىك تۈزۈمنى رەسمىي ئېلان قىلىش ۋەزىيىتى دائىرىسىدە، ئۇيغۇرىستاننى ماۋ ئارمىيەسى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىش مەسىلىسىدە ئورتاق پىكىرگە كېلىدۇ. يەنى ختاي تەرەپ، ختاي كوممۇنىست پارتىيەسى 1949 ـ

يىلى خىتايدا رەسمىي يېڭى سىياسىي تۈزۈمنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن ئۇيغۇرىستاننى ئىشغال قىلدىغانلىقىنى ۋە مىللىي مەسىلىلەر «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە» شەكلىدە ھەل قىلىنىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

كېلىشىمگە بىنائەن، سوۋېت ئىتتىپاقى دۇنيا مىقياسىدا سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرىنىڭ ئۆكتىچىلىرىگە قارشى تېرورلۇق ھەرىكەتنى يۈرگۈزۈۋاتقان ن ك ۋ د ـ م گ ب (ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى، دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىكى، 1950 ـ يىللاردىن كېيىن ـ دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتى) نىڭ باش باشقارمىسىنىڭ بىر گۇرۇپپا ئوفىتسېرلىرىنى غۇلجىغا ئەۋەتىش بەلگىلىنىدۇ. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى لېدىرى ماۋ مەزكۇر كېلىشىمگە بىنائەن موسكۋادىن غۇلجىغا رازۋېدچىك ـ دىپلوماتنى، يەنى ماۋنىڭ سىياسىي ـ ھەربىي جاسۇسى، خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى دېڭ لىچۈن باشلىق ئۈچ كىشىنى (باشقا ئۇنىڭ ياردەمچىسى ۋە رادىست) ئەۋەتىدۇ. لېكىن، موسكۋادا مەزكۇر خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن غۇلجىغا ئەۋەتىلىدىغان جاسۇس گۇرۇپپىلار توغرۇلۇق ئالغان مەخپىي قارارنى، ئۇنىڭغا بىۋاسىتە مۇناسىۋىتى بار شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى رەھبەرلىكى بىلەن ئورتاقلىشىش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلمايدۇ. پەقەت موسكۋا تەرەپ ئۆزىنىڭ غۇلجىدىكى كونسۇلى بىلەن ئالىي دەرىجىلىك دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىكى ـ ك گ ب خادىمىنى خەۋەردار قىلىدۇ. دېڭ لىچۈن باشچىلىقىدىكى گۇرۇپپا مەخسۇس رادىئو ـ تېلېگراف تېخنىكىلىرى بىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن دىپلومات ـ رازۋېدچىك، غۇلجىدىكى مۇئاۋىن كونسۇل، سوۋېت ئىتتىپاقى مىنىستىرلار كېڭىشىنىڭ ئاخبارات كومىتېتىنىڭ پولكوۋنىكى، ۋ.ئا.بورىسوۋ (ھەقىقىي ئىسىم فامىلىسى ئىگنات ستېپانكو) باشچىلىقىدىكى بىر توپ ئادەملەر موسكۋادىن ئالمۇتا ئارقىلىق 1949 ـ يىلى 14 ـ ئاۋغۇستتا غۇلجىغا ئۇچۇپ كېلىدۇ. ئايرودرومدا دېڭ لىچۈن ۋە موسكۋا ۋەكىللىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدىكى يېڭى كونسۇلى نىكولاي پېتروۋىچ ئارىستوۋ بىر توپ كىشىلەر بىلەن قارشى ئالىدۇ. مەزكۇر پاكىتنى، شۇ ۋاقىتتا غۇلجىدا سادىر بولغان سىياسىي جەريانلارنىڭ كۆپلىگەن ئىشتىراكچىلىرى تەرىپىدىن تەكرار ـ تەكرار شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋە ئۇنىڭ مىللىي ئارمىيەسىنى خاتىرىلەش تەنتەنىلىك يىغىنلىرىدا تەكىتلىگەنلىرىنى كۆپ ئاڭلىدىم. ئارىستوۋ دېڭ لىچۈننى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى رەھبەرلىكىگە تونۇشتۇرىدۇ. 17 ـ ئاۋغۇست كۈنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى رەئىسى ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بولغان سۆھبەتتە (ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ تەرجىمانلىق قىلغان) دېڭ لىچۈن ئۆزىنى خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى ئالاقىچىسى سالاھىيىتى بىلەن ئۇيغۇرىستانغا كەلگەنلىكىنى ھەم ئاساسىي مەقسىتى غۇلجا شەھىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى رەھبەرلىكى بىلەن موسكۋادىكى خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شتابى ئوتتۇرىسىدا رادىئو ـ تېلېگراف ئالاقىسىنى ئۇيۇشتۇرۇش زۆرۈرىيىتى بىلەن كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مەركىزىدە، ئىككى ئاي ئۆتمەستىنلا تاجاۋۇزچىلىق بىلەن ئۇيغۇرىستانغا بېسىپ كىرىدىغان خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى ئارمىيەسىنىڭ «دېڭ لىچۈن رادىئو ـ تېلېگراف ئىستانسىسى» قۇرۇلىدۇ. يەنى خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ مەخسۇس رازۋېدكىچى مەركىزى رەسمىي ئىشقا چۈشىدۇ. بۇ «ئالاقە» ئورنىتىشنى

ئۇيۇشتۇرغۇچى ئۆزىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسىنى ـ جاسۇسلۇقنى ئۇتۇقلۇق ئورۇندايدۇ. ئۇنىڭ كېلىشىنىڭ ئىككىنچى مەقستى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مىللىي ئارمىيەسىنىڭ جەڭگىۋارلىقى ۋە سان تەركىبى توغرۇلۇق، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەربىي ـ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالى توغرۇلۇق مەلۇمات يىغىشتىن ئىبارەت بولغان. دېڭ لىچۈن، موسكۋا تەرەپ كېيىنرەك تولۇقى بىلەن خىتاي كوممۇنىستلىرىغا سېتىۋەتكەن سوۋېت ئىتتىپاقى مەخپىي جاسۇسلىرىنىڭ خىزمىتىدىنلا ئەمەس، بەلكى يەنە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مىللىي ئارمىيە رەھبەرلىكىنىڭ ساددىلىقىدىن ئۇنۇملۈك پايدىلاندى. مەسىلەن، ئۈچ ھەپتىنىڭ ئىچىدە غۇلجا ھۆكۈمىتىنىڭ قارمىقىدىكى مىللىي ئارمىيە توغرۇلۇق تەپسىلىي مەخپىي مەلۇماتلارنى ماۋغا دوكلات قىلدى. شۇنداقلا، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە بۇ يەردىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ـ مەدەنىي ۋە دىنىي ئەھۋاللار توغرۇلۇق تەپسىلىي ئۇچۇرلارنى يەتكۈزدى. خىتايدا ماۋ ۋە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە مۇناسىۋەتلىك يېزىلغان تارىخىي ماتېرىياللاردا بۇ ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك پاكىتلار بار.

### 3. ماۋ زېدۇڭ ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى جاسۇسلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى رەھبەرلىرىنى غۇلجىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىگە چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن سىياسىي نەيرەڭلىرى

1949 ـ يىلى 18 ـ ئاۋغۇست كۈنى خىتاينىڭ سىياسىي سۇيىقەستلەر ماھىرى ماۋ زېدۇڭ دېڭ لىچۈننىڭ تېلېگراف ئىستانسىسى ئارقىلىق ئەخمەتجان قاسىمغا رەسمىي تېلېگراممىا يوللايدۇ. ئەسلى 17 ـ ئاۋغۇستتا دېڭ ئەخمەت ئەپەندى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭغا خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى نامىدىن ئاغزاكى، پات ئارىدا بېيپىڭدا (بېيجىڭدا) ئېچىلىدىغان يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا تەكلىپ قىلىدۇ. ئەخمەت ئەپەندىنىڭ دېڭ لىچۈندىن بىۋاستە ماۋ ئىمزا قويغان رەسمىي تەكلىپنى تەلەپ قىلىشى بىلەن دېڭ كوممۇنىست پارتىيەسى مەركىزىدىن يېڭى ھۆججەت تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئەتىسى كەلگەن يېڭى تېلېگراممىدا ماۋ زېدۇڭ «يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنى» تەييارلىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى سۈپىتىدە ئەخمەتجان قاسىمنى سىنتەبىر ئېيىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا بېيپىڭدا سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئېچىلىدىغانلىقىنى ۋە بۇ سورۇننىڭ ۋەزىپىسى يېڭى كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنى تەشكىللەش ۋە ۋاقىتلىق ئاساسىي قانۇن تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلايدىغان يېڭى دۆلەتنىڭ ئومۇمىي پروگراممىسىنى قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت بولىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ، ھەمدە ئۇنى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئۇيۇشتۇرىۋاتقان بۇ ئالىي سورۇنغا رەسمىي تەكلىپ قىلىدۇ. ماۋ زېدۇڭ مەكتۇبىدا: «...سىزلەرنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىڭلار پۈتۈن خىتاي خەلقىنىڭ دېموكراتىيە ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ... شىنجاڭنىڭ پۈتۈنلەي ئازاد بولۇشىغا ئۇزاق ۋاقىت قالمىدى. سىزلەرنىڭ كۈرەشلىرىڭلار پات ئارىدا ئەڭ ئاخىرقى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ. بىز سىزلەرنىڭ

ئۆز ۋەكىللىرى سۈپىتىدە بەش كىشىنىڭ مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىشقا ئەۋەتىشىگىلارنى چىن قەلبىمىزدىن قارشى ئالىمىز. ئەگەر قوشۇلساڭلار 9 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا بېيپىڭغا يېتىپ كېلىشىڭلارنى سورايمىز.»(9) مەكتۇپتا ماۋ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى رەھبەرلىرىگە غەربىزنى، يەنە ئىككى كوممۇنىستىك دۆلەتنىڭ ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈشى بىلەن تەييارلىنىۋاتقان سىياسىي سۈيقەستنى يوشۇرۇشقا تىرىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ئۆز مەكتۇبىدا ئەگەر ئىلى تەرەپ (شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى رەھبەرلىكى) سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتنىشىشنى لازىم تاپسا، ئۇ بەش ئادەم تەركىبىدىكى ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ قىلىنىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئېچىلىش ۋاقتى 21 ـ سىنتەبىرگە بەلگىلەنگەن ئىدى. ئەمەلىيەتتە، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى دۆلەت ئۆمىكى يىجىڭغا نېمە ئۈچۈن 19 كۈن ئىلگىرى كېلىشى لازىم ئىدى؟ مانا مۇشۇ پاكىت، ئىككى دۆلەتنىڭ ھۆكۈمران كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ مەخپىي ئورگانلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى رەھبەرلىكىگە نىسبەتەن ئۇيۇشتۇرۇۋاتقان سۈيقەستلىك پىلانىدىن دېرەك بېرىدۇ. چۈنكى ئەخمەتجان ئەپەندى باشلىق ۋەكىللەرنى گېئوسىياسىي سەھنىدىن يوق قىلغاندىن كېيىن، يېڭى، ئۆزى تاللىغان ۋەكىللەرنى بۇ گېئوسىياسىي ئويۇنغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئەنە شۇ 19 كۈن كېرەك بولاتتى. شۇنداقلا، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى رەھبەرلىرى بېيجىڭغا ئالدىنئالا بارغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇلار سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئومۇمىي يىغىنىنىڭ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىدىغان «ئومۇمىي پروگراممىسى»نىڭ لايىھەسى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭدىكى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيەگە مۇناسىۋەتلىك ماددىلىرىغا قەتئىي قارشى چىقاتتى. تەبىئىيكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەۋجۇت مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى، ھەتتا يىغىندىن ۋاز كېچىپ غۇلجىغا قايتىپ كېتەتتى.

خىتاي خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خىتاي خەلقىنىڭ ۋە بېسىۋېلىنغان زېمىندىكى خەلقنىڭ ۋاكالەتلىك ئالىي ئورگىنى سۈپىتىدە بولىدىغانلىقى نىيەت قىلىنغان ئىدى. شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، ماۋ زېدۇڭ شۇ دەۋرىدىكى خەلقئارا ۋەزىيەتنى نەزەرگە ئېلىپ، دېموكراتىيە چۈمپەردىسىنى كىيىپ، خىتاي خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنى ئەڭ دېموكراتىك ئورگان سۈپىتىدە، ئۇنىڭدا خىتاينىڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگانلىرى سايلىنىدىغانلىقى، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار قوبۇل قىلىنىدىغانلىقى ۋە شۇ جۈملىدىن مىللىي سۇبيېكتلارنىڭ ۋاھاكازالارنىڭ سىياسىي دەرىجىلىرى، يەنى ئىگىلىك سىياسىي ھوقۇقلىرى دېموكراتىك يول بىلەن ئۆزلۈل ـ كېسىل قانۇنلاشتۇرۇلىدىغانلىقىنى كەڭ دائىرىدە جار سالدى. شۇنداقلا، شاھىتلارنىڭ تەكىتلىشىچە، غۇلجىدىكى موسكوۋانىڭ دىپلوماتلىرى ۋە باشقا ۋەكىللىرى 1945 ـ يىلى سىنتەبىردىن باشلاپ دائىم خىتاي كومپارتىيەسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوۋېت ئۆلكىسى بويىچە مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ كەلگەن. ئەمما تەكلىپنامىدە ئۇيغۇرىستاننىڭ تەقدىرى ھەققىدە ئېنىق گەپ بولمىغان. شۇڭلاشقا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى رەھبەرلىرى خىتاي كوممۇنىستلىرىمۇ پۈتكۈل ئىتتىپاق كوممۇنىستىك پارتىيە ئۇستازلىرىغا ئوخشاش ئۇيغۇرىستاندا مىللەتنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش،

ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشقىچە بولغان پرىنسىپ بويىچە مىللىي مەسىلە ھەل بولامدۇ ـ يوقمۇ؟ دەپ، ھەم ئۈمىدلەنگەن، ھەم تەشۋىشلەنگەن.

مەزكۇر تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ پىشقەدەم ئىشتىراكچىلىرىنىڭ گۇۋاھلىق قىلىشىچە، ئەخمەت ئەپەندى ماۋنىڭ خېتىنى ئالغاندىن كېيىن ئىككى كۈندە بېيجىڭغا بېرىش ياكى بارماسلىق توغرۇلۇق ئېنىق قارارغا كېلەلمىگەن. چۈنكى يا ماۋ زېدۇڭ يا باشقا خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى رەھبەرلىرى غۇلجا ھۆكۈمىتىگە يېڭى دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى ئاتالمىش «خىتاي خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئومۇمىي پروگراممىسى»نىڭ لايىھەسىنىمۇ يوللىمىغان ئىدى. شۇڭا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى رەھبەرلىرى ئارىسىدا: «خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى مىللىي مەسىلىنى سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستلىرىنىڭ ئۈلگىسى بىلەن رېئاللىقنى ھېسابقا ئېلىپ ھەل قىلامدۇ ـ يوقمۇ؟» دېگەن تالاش ـ تارتىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ ماۋزۇدا كۆپ ئىزدەنگەن شائىر، جامائەت ئەربابى ۋە تەتقىقاتچى سابىت ئابدراخماننىڭ تەكىتلىشىچە، ئەخمەت ئەپەندى شۇ كۈنلىرى ماۋغا دېڭ لىچۈن ئارقىلىق، ستالىنغا كونسۇلنىڭ مۇئاۋىنى، ئەمەلىيەتتە باش كونسۇلدىن ئۈستۈن ئىمتىيازغا ئىگە بورىسوۋ ئارقىلىق مەكتۇپلارنى يوللىغان. ماۋغا يوللىغان مەكتۇپتا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى لىدېرى «مىللەتنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش پرىنسىپىنى ھۆرمەت قىلىشنى ۋە مەۋجۇت رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىش»نى تەلەپ قىلغان بولسا، ستالىنغا يازغان خېتىدە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى سۈپىتىدە بولۇش»نى تەكلىپ قىلغان.(10)

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

* نەقىل مەنبەلىرى ئۈچۈن ئەسەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسىغا مۇراجىئەت قىلىڭ

مەنبە: «ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تارىخى»، قەھرىمان غوجامبەردى

**ئۇيغۇرلار ژۇرنىلى تەھرىراتى تەييارلىدى**



# سېخىيلىقنىڭ مەنىسى ۋە بالىلارنى سېخىيلاشتۇرىدىغان تۆت خىل ئۇسۇل

ئېمىلى كايسېر

# سېخىيلىقنىڭ مەنىسى ۋە باللارنى سېخىيلاشتۇرۇشنىڭ تۆت خىل ئۇسۇلى

ئېملى كايسېر

(ئامېرىكا زاۋېيىر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلاھىيەتشۇناسلىق كەسپى ماگىستىرى)

سېخىيلىق ياكى ھەمبەھىرلەش باللارغا نىسبەتەن ھەرۋاقىت ئاسانلا قىلغىلى بولىدىغان ئىشلار ئەمەس. بىر تەتقىقاتقا كۆرە، بۇ چوڭ مېڭىنىڭ ھاياجانىنى كونترول قىلىدىغان قىسمىنىڭ تەرەققىي قىلمىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، شۇ سەۋەبتىن «ئادىللىق» ئۇقۇمىنى تولۇق چۈشىنىدىغان باللار شۇنىڭغا ماس ھالدا ھەرىكەت قىلالمايدۇ». سېخىيلىق مۇھىم ئىجتىمائىي ماھارەتتۇر، چۈنكى ئۇ بىزنىڭ باشقىلارغا تېخىمۇ بەك ھېسداشلىق قىلىشىمىزغا، ئاكتىپ مۇناسىۋەت ئورنىتىشىمىزغا، مەسئۇلىيەتچان قارار چىقىرىشىمىزغا ۋە جەمئىيەتكە ئىشتىراك قىلىشىمىزغا تۈرتكە بولىدۇ. تۆۋەندىكى پائالىيەتلەر بالىلىرىڭىزغا سېخىيلىقنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ داۋاملىق سېخىي بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ.

## 1. بېرىشنىڭ خۇشاللىقى

سېخىيلىق دېگەن نېمە؟ سىز بالىڭىزنى كىتاب ئوقۇش ۋە تەپەككۇر قىلىشقا يېتەكلەش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ سېخىيلىقنىڭ زادى قانداق نەرسىلىكىنى چۈشىنىشىگە ياردەم بېرەلەيسىز. ھېيت-ئايەملەر باشقىلارغا بىر نەرسە بېرىشنىڭ كىشىگە نە قەدەر خۇشاللىق ئاتا قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىشنىڭ ياخشى پۇرسىتىدۇر. بىز باشقىلارغا بىر نەرسە بېرىش ئۈچۈن نۇرغۇن مال-مۈلۈككە موھتاج ئەمەسلىكىمىزنى، ھەقىقىي خۇشاللىقنىڭ يېقىن-يورۇقلار بىلەن جەم بولۇشتا ئىكەنلىكىنى، ئەڭ ياخشى سوۋغىنىڭ —— ھەرقانچە ئاددىي بولسىمۇ —— چىن يۈرەكتىن بېرىلگەن سوۋغا ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. بۇ ھەقتە بالىلىرىڭىزغا «بېرىشنىڭ خۇشاللىقى» دېگەندەك كىتابلارنى ئوقۇپ بەرسىڭىز بولىدۇ.

بۇ ھەقتە بىرەر كىتاب ئوقۇغاندىن كېيىن، بالىلىرىڭىز بىلەن تۆۋەندىكى سوئاللار توغرىسىدا پاراڭلىشىپ بېقىڭ:

«بېرىشنىڭ خۇشاللىقى» سىز ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

كىتابتىكى باش پېرسوناژ بېرىشتىن خۇشاللىق تېپىشنى قانداق ئۆگەندى؟
باش پېرسوناژ باشقىلارنىڭ ياخشىلىقىغا نائىل بولغاندا، قانداق ھېسسىياتتا بولدى؟
بىز كىشىلەرگە ماددىي بۇيۇملاردىن باشقا يەنە قانداق نەرسىلەرنى بېرەلەيمىز؟
ھېكايىنى ئوقۇغىنىڭىزدىن كېيىن، سىزچە ھەممىدىن ياخشى سوۋغا زادى نېمە؟
قانداق قىلغاندا ئائىلىنى خۇشاللىققا چۆمۈلدۈرگىلى بولىدۇ؟
قانداق قىلغاندا مەكتەپنى خۇشاللىققا چۆمۈلدۈرگىلى بولىدۇ؟

**2. تالانتنى ھەمبەھىرلەش**

بەلكىم پەرزەنتىڭىزنىڭ شەكىل قۇراشتۇرۇش، كىتاب ئوقۇش، شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىش دېگەندەك ئۆزى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىدىغان بىرەر قىزىقىشى ياكى تالانتى بولۇشى مۇمكىن. كېلەر قېتىم بالىڭىز ئۆزى قىزىقىدىغان ياكى تالانتى بار ئاشۇ ئىشنى قىلغاندا، سىز ئۇنىڭدىن يېنىدا ئولتۇرسىڭىز بولىدىغان-بولمايدىغانلىقىنى ياكى ئۇنىڭ شۇ ئىشنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، سىزگە ئۆز تەسىراتىنى سۆزلەپ بەرگۈسى بار-يوقلۇقىنى سوراپ بېقىڭ. ئاندىن، بالىڭىزغا ئۇ ئۆز تالانتىنى سىز بىلەن ھەمبەھىرلەشكەندىن كېيىن، ئۆزىڭىزنىڭ قانداق ھېسسىياتتا بولغانلىقىڭىزنى ئېيتىپ بېرىڭ. بۇ خىل دىيالوگ ئارقىلىق، بالىلار ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۇنىڭ تالانتىدىن شادلانغانلىقىنى ھېس قىلىپ يېتىدۇ. بالىلىرىڭىز بۇ پائالىيەتتىن خۇش بولىدۇ، شۇنداقلا بۇ ئۆز نۆۋىتىدە سىزنىمۇ ۋە باشقىلارنىمۇ خۇش قىلىدۇ. بالىڭىزنىڭ ئۆز تالانتىنى ۋە قىزىقىشىنى باشقىلار بىلەن ئورتاقلىشىشى توغرىسىدا پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ئۇلارنى ئۆز دوستلىرى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان پائالىيەتلەر توغرىسىدا، شۇنداقلا باشقىلار ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارنى ئۇنىڭ بىلەن ئورتاقلاشقاندا قانداق ھېسسىياتتا بولغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىشقا ئۈندەڭ.

**3. ۋاقىتقا سېخىيلىق قىلىش**

مەن يازدەمچى ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان مەزگىللىرىمدە، يەسلىدىكى بالىلار ئۈچۈن ھەرخىل نەرسىلەرنى تەييارلايتتىم، بۇنداق چاغلاردا ئوقۇغۇچىلىرىمدىن بىرەرسى يېنىمغا كېلىپ جىمجىتلا يېنىمدا ئولتۇرسا، شۇنچىلىك خۇش بولۇپ كېتەتتىم. ئاندىن ئۇلار يا ئۆزلىرىنىڭ ئويۇنىغا چۈشۈپ كېتەتتى، يا مېنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئويناشقا تەكلىپ قىلاتتى. ئەينى چاغدا، سىنىپىمىزدا بىللە ئوينىغىلى بولىدىغان نۇرغۇن بالىلار ۋە ئوينايدىغان نۇرغۇن نەرسىلەر بار ئىدى، لېكىن بالىلار ئۆزىنىڭ ۋاقتىنى مەن بىلەن بىللە ئۆتكۈزگۈسى بارلىقىنى ئېيتقىنىدا، بۇنىڭدىن مىننەتدار بولغانلىقىم ھېلىھەم ئېسىمدە.

بالىلىرىڭىزنى ۋاقىتنى باشقىلار بىلەن ئورتاقلىشىشقا ئىلھاملاندۇرسىڭىز، بۇ ئۇلارنىڭ (يانفون، كومپيۇتېر دېگەندەك) تېخنىكا مەھسۇلاتلىرىدىن قۇتۇلۇشىغا، كۆز ئالدىكى پەيتنى قەدىرلىشىگە ۋە

ئەتراپىدىكىلەردىن تېخىمۇ بەك مىننەتدار بولۇشقا تۈرتكە بولىدۇ. گەرچە بالىڭىز ئاللىبۇرۇن مۇئەييەن ۋاقىتلىرىنى ئائىلىسىدىكىلەر ۋە دوستلىرى بىلەن ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلەنگەن بولسىمۇ، سىز پاراڭلىشىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ «ۋاقىتقا سېخىيلىق قىلىش»نىڭ زادى نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى توغرىسىدىكى چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرسىڭىز بولىدۇ. تۆۋەندىكىلەر بىرەيلەن (بالىڭىزمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ۋاقتىغا سېخىيلىق قىلغاندا، ئۇنىڭغا قانداق ئىنكاس قايتۇرۇش كېرەكلىكى توغرىسىدىكى بىر قانچە ئۆرنەكتۇر:

مەن دوستۇم مەرىيىنىڭ ۋاقىت چىقىرىپ، بۈگۈنكى پائالىيەتتە ماڭا پىرەنىك پىشۇرۇشۇپ بەرگەنلىكىدىن مىننەتدارمەن.

ئاپپەدىڭنى تاشلاپ قويۇپ، سىڭىللىرىڭ بىلەن ئويىنىشىپ بەرگەنلىكىڭگە رەھمەت.

دوستۇڭ دەم ئېلىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ساڭا تاپشۇرۇق ئىشلىشىپ بېرىپتۇ، ئۇ ھەقىقەتەن بەك سېخىيكەن، بىز ئۇنىڭغا رەھمەت خېتى يازايلى.

**4. مۇئەييەنلەشتۈرۈپ سېخىيلىق قىلىش**

بىر قانچە ھەپتە ئىلگىرى، بىز «مۇئەييەنلەشتۈرۈش خاتىرىسى» يېزىش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇردۇق. بۇ خاتىرە يېزىش ئارقىلىقلا ھەممەيلەننى خۇشاللىققا چۆمدۈرەلەيدىغان ئاجايىپ پائالىيەت ئىدى. بىزنىڭ خاتىرىلەرگە يېزىلغان مۇئەييەنلەشتۈرۈشلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىنكى ھېسسىياتىمىزنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ. بۇ ھەر ياشتىكى بالىلار ئۈچۈن ئوخشاشلا قالتىس پائالىيەت ئىدى. «مۇئەييەنلەشتۈرۈش خاتىرىسى» ئائىلىدىكى بىرەيلەنگە، بىرەر دوستقا ياكى باشقا بىرەيلەنگە يېزىلسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. بالىڭىزنى باشقىلارنىڭ ئۆزىگە قانداق ئىلھام بەرگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ شۇ كىشىنىڭ قەيېرىنى ياقتۇرىدىغانلىقىنى ياكى ئۆزىنىڭ نېمىشقا ئۇلاردىن مىننەتدار ئىكەنلىكىنى ئورتاقلىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈڭ.

مەيلى باشقىلار بىزگە سېخىيلىق قىلسۇن ياكى بىز باشقىلارغا سېخىيلىق قىلايلى، بىز ئوخشاشلا خۇشال بولىمىز. بالىڭىزنىڭ سېخىيلىقنى ئۆگىنىشىگە ياردەم بېرىش ئۇلارنىڭ باشقىلارغا تېخىمۇ بەك ھېسداشلىق قىلىشىغا ۋە ئۇلار بىلەن كۈچلۈك، ئاكتىپ مۇناسىۋەت ئورنىتىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

ئاخىرىدا، سىزنىڭمۇ ھەرۋاقىت كۈلكە ـ تەبەسسۇمگىزنى باشقىلاردىن ئايىماسلىقىڭىزغا تىلەكداشمىز.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://betterkids.education/blog/the-meaning-of-generosity-and-4-activities-to-encourage-it-in-children



مىسلىسىز ئويغىنىش

# پاكىتلار نىمە ئۈچۈن چۈشەنچىمىزنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ؟

جېيمس كىلىر

# پاكىتلار نېمە ئۈچۈن چۈشەنچىمىزنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ؟

جېيمس كلىر

(«نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»نىڭ ئەڭ بازارلىق كىتاب تىزىملىكىدە بىرىنچى ئورۇندا تۇرغان «Atomic Habits» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى، بۇ كىتاب ئەللىك نەچچە خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنىپ، دۇنيا مىقياسىدا توققۇز مىليون پارچىدىن ئارتۇق سېتىلغان)

**ئىقتىسادشۇناس ج.ك.گالبرېيس (J.K. Galbraith) مۇنداق دېگەنىدى: «چۈشەنچىنى ئۆزگەرتىش بىلەن ئۇنداق قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى ئىسپاتلاش ئوتتۇرىسىدىكى تاللاشقا دۇچ كەلگەندە، ھەممە ئادەم دېگۈدەك (چۈشەنچىسىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئورنىغا، ئۇنداق قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى) ئىسپاتلاشقا ئالدىرايدۇ.»**

**لېۋ تولستوينىڭ بۇ ھەقتىكى سۆزلىرى تېخىمۇ دادىل: «كىشى ھەرقانچە دۆت بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ ئەسلىدىلا شۇ ھەقتە بىرەر ئىدىيە شەكىللەندۈرۈۋالمىغانلا تەقدىردە، ئەڭ قىيىن تېمىنىمۇ ئۇنىڭغا چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ؛ ئەمما كىشى ھەرقانچە ئەقىللىق بولغان تەقدىردىمۇ، شۇ ئىشنى شەك-شۈبھىدىن خالىي ھالدا تولۇق بىلىدىغانلىقىغا جەزم قىلسا (يەنى مۇقىم ئىدىيە شەكىللەندۈرۈپ بولغان بولسا)، ئەڭ ئاددىي ئىشنىمۇ ئۇنىڭغا چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ.»**

**چاتاق زادى نەدە؟ نېمە ئۈچۈن پاكىتلار بىزنىڭ چۈشەنچىمىزنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ؟ نېمە ئۈچۈن كىشى خاتا ياكى ناتوغرا پىكىرلەرگە ئېسىلىپ كېتىۋېرىدۇ؟ بۇ قىلمىشلار بىز ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟**

## خاتا چۈشەنچىلەرنىڭ مەنتىقىسى

**ئىنسانىيەت مەۋجۇتلۇق ئۈچۈن دۇنيانى راۋۇرۇس توغرا رەۋىشتە تونۇشقا موھتاج. ئەگەر سىزنىڭ رېئاللىققا بولغان تونۇشىڭىز رېئال دۇنيادىن بەكلا پەرقلىق بولسا، ئۇنداقتا ھەركۈنى ئۈنۈملۈك ئىشلارنى قىلىشتا قىينالماي قالمايسىز.**

**ھالبۇكى، ئىنساننىڭ چۈشەنچىسى ئۈچۈن مۇھىم بولغىنى نوقۇل ھالدا ھەقىقەت ۋە توغرىلىقلا ئەمەس. ئىنسانلاردا يەنە تەۋەلىك تۇيغۇسىغا بولغان كۈچلۈك ئېنتىلىشمۇ بار.**

مەن «**Atomic Habits**» دېگەن كىتابىمدا شۇنداق دەپ يازغانىدىم: «ئىنسانلار توپلىشىپ ياشايدىغان جانلىقلاردۇر. بىز باشقىلار بىلەن كېلىشىپ، ئارىلىشىپ ياشاشنى؛ تەڭتۇشلىرىمىزنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە ئېتىراپىغا ئېرىششنى ئويلايمىز. بۇ خىل مايىللىق بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىز ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە مۇھىم. چۈنكى، ئەجدادلىرىمىز ئۆتمۈشتىكى كۆپىنچە دەۋردە قەبىلە ھالىتىدە ياشاپ كەلگەن بولۇپ، بىر كىشىنىڭ قەبىلىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشى ـــ تېخىمۇ قورقۇنچلۇقى، قوغلاپ چىقىرىلىشى ـــ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈمگە باراۋەر ئىدى.»

بىر ئىشنىڭ ھەقىقەتنى بىلىش تولىمۇ مۇھىم، لېكىن مەلۇم بىر «قەبىلە»گە (مىللەتكە، تەشكىلاتقا ۋەھاكازا) تەۋە بولۇپ تۇرۇشمۇ (ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە) ئوخشاشلا مۇھىم. گەرچە («ھەقىقەتنى تېپىش» بىلەن «ئۆزى تەۋە توپتىن ئايرىلىپ قالماسلىق»تىن ئىبارەت) بۇ ئىككى خىل ئىستەك كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بىر ـ بىرىگە ماسلىشىدىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار گاھىدا توقۇنۇشۇپمۇ قالىدۇ.

نۇرغۇن ئەھۋاللاردا، ئىجتىمائىي باغلىنىشنىڭ ۋەزنى سىزنىڭ كۆندىلىك تۇرمۇشىڭىزدا مەلۇم بىر پاكىت ياكى ئىدىيە توغرىسىدىكى ھەقىقەتنى بىلىشكە قارىغاندا تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ. خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پسىخولوگى ستېۋېن پىنكېر (**Steven Pinker**) بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەر ئۆز پىكرىگە (چۈشەنچىسىگە، تۇتۇمىغا) ئاساسەن باشقىلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدۇ ياكى چەتكە قېقىلىدۇ، شۇڭا ئەقلىنىڭ فۇنكسىيەلىرىدىن بىرى چۈشەنچە ساھىبىغا ھەقىقەت بولۇش ئېھتىماللىقى ئەڭ يۇقىرى بولغان چۈشەنچىنى ئەمەس، بەلكى ئۇنى ئەڭ كۆپ ھەقەمسايە، قوغدىغۇچى ياكى ئەگەشكۈچىگە ئىگە قىلىدىغان چۈشەنچىنى قوبۇل قىلغۇزۇش بولۇشى مۇمكىن».

بىز بىر نەرسىلەرگە ئىشىنىشتە ھەرۋاقىت ئۇنىڭ توغرا ـ خاتالىقىنىلا ئۆلچەم قىلماي قالىمىز. گاھىدا بەزى ئىشلار بىزنى ئۆزىمىز چوڭ كۆرىدىغان كىشىلەرگە ياخشى كۆرسىتىدىغانلىقى ئۈچۈنلا، بىز ئۇنىڭغا ئىشىنىشنى تاللايمىز.

مەنچە كېۋىن سىملېر تۆۋەندىكى سۆزىدە بۇ نۇقتىنى ياخشى يورۇتۇپ بەرگەن: «ئەگەر مېڭە ‹مەلۇم بىر خىل چۈشەنچىنى قوبۇل قىلسام مۇكاپاتلىنىمەن› دەپ قارىسا، خۇشاللىق ئىلكىدە شۇنداق قىلىدۇ ۋە ‹مۇكاپات›نىڭ ـــ مەيلى ئۇ (ياخشى قارارىدىن ياخشى نەتىجىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىدەك) پراگماتىك ياكى (تەڭتۇشلىرىنىڭ تېخىمۇ ياخشى مۇئامىلىسىگە نائىل بولۇشتەك) ئىجتىمائىي، ۋەياكى بۇ ئىككىسىنىڭ بىرىكمىسى بولسۇن ـــ قەيەردىن كېلىدىغانلىقى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ.»

خاتا چۈشەنچە پاكىت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا پايدىلىق بولمىسىمۇ، ئىجتىمائىيلىق جەھەتتە كارغا كېلىشى مۇمكىن. بۇ خىل تۇتۇمنى ئېنىق ئىپادىلەيدىغان ئىبارە بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بىز ئۇنى «پاكىت نۇقتىسىدىن خاتا، ئىجتىمائىي جەھەتتە توغرا» دەپ ئاتىساق بولىدۇ. بۇ ئىككىسىدىن بىرىنى تاللاشقان توغرا كەلگەندە، كىشىلەر ھەقىقەتنى ئەمەس، دوست ـ يارەنلىرى ۋە ئائىلىسىنى تاللايدۇ (يەنى ھەق تەرەپتە تۇرماستىن، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغانلار تەرەپتە تۇرىدۇ). ھالبۇكى، جەمئىيەتنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى

نەزەردە تۇتقاندا، ھەقكە كۆز يۇمىدىغان بۇ خىل تەرەپبازلىق ئىنتايىن سەلبىي ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا، كىشى ــ يالغۇز قېلىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن تەقدىردىمۇ ــ ھەرزامان ئۆزىنى ھەق تەرەپتە تۇرۇشقا ئۈندەشى كېرەك)

بۇ خىل تونۇش مەلۇم بىر زىياپەتتە ئاتا ـ ئانىمىز كۆڭلىمىزگە ياقمايدىغان (ئەمما، توغرا بولغان) گەپلەرنى قىلغاندا بىزنىڭ نېمىشقا زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرۇۋالىدىغانلىقىمىزنى ياكى باشقا ياقىلارغا قارىۋالىدىغانلىقىمىزنى چۈشەندۈرۈپلا قالماستىن، باشقىلارنىڭ چۈشەنچىسىنى ئۆزگەرتىشنىڭ تېخىمۇ ياخشى ئۇسۇلىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## ئىدىيەرىمىزنى پاكىت ئەمەس، دوستلۇق ئۆزگەرتىدۇ

باشقىلارنى ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتىشكە قايىل قىلىش ئەمەلىيەتتە ئۇلارنى قەبىلىسىدىن يۈز ئۆرۈشكە قايىل قىلىش جەريانىدۇر. ئەگەر ئۇلار ئەسلىدىكى چۈشەنچىسىدىن (ئېتىقادىدىن، تۇتۇمىدىن) ۋاز كەچسە، ئىجتىمائىي تورىنى يوقىتىش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ. ئەگەر سىز بىراۋنى ئۆزى تەۋە توپتىن جۇدا قىلسىڭىز، ئۇنىڭ چۈشەنچىسىنى ئۆزگەرتىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ. شۇڭا، سىز چوقۇم ئۇلارغا شۇنىڭ ئورنىنى باسىدىغان يېڭى بىر تەۋەلىك بېرىشىڭىز كېرەك. ئەگەر ئىدىيەنى ئۆزگەرتىش تەنھالىق بىلەن نەتىجىلىنىدىغان بولسا، مۇتلەق كۆپ قىسىم كىشىلەر دۇنيا قارىشىنى ئۆزگەرتىشنى خالىمايدۇ.

باشقىلارنىڭ ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن دوست بولۇشىڭىز، ئۇلارنى ئۆز «قەبىلە»ڭىزگە قوشۇۋېلىشىڭىز لازىم. شۇنداق بولغاندا، ئۇلار ئىجتىمائىي يېتىمسىرەش تەشۋىشىدىن خالىي ھالدا ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ.

چۈنكى، گاھىدا قەبىلىۋازلىق ۋە دۈشمەنلىككە سەۋەب بولىدىغىنى پەرق ئەمەس، بەلكى ئارىلىق بولۇشى مۇمكىن. ئارىلىق يېقىنلاشقانسېرى چۈشەنچىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ. بۇ ھەقتە، ئابراھام لىنكېننىڭ مۇنۇ سۆزى دائىم يادىمغا كېلىدۇ: «مەن ئۇنى ياقتۇرمايمەن، شۇڭا چوقۇم ئۇنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشىم لازىم.»

ئىدىيەمىزنى پاكىت ئەمەس، دوستلۇق ئۆزگەرتىدۇ.

## ئىدىيە چاستوتىسى

بىر قانچە يىللار ئىلگىرى، بېن كاسنوچا (Ben Casnocha) ماڭا «بىزنىڭ ئىدىيەمىزنى ئۆزگەرتەلەيدىغانلار 98 پىرسەنت مەسىلىدە بىز بىلەن ئوخشاش پىكىردە بولغانلاردۇر» دېگەنىدى، مەن تا بۈگۈنگىچە بۇ گەپكە قايىل.

ئەگەر سىز تونۇيدىغان، ياقتۇرىدىغان ۋە ئىشىنىدىغان بىرەيلەن مەلۇم بىر رادىكال پىكىرگە ئىشەنسە، سىزنىڭ شۇ پىكىرگە ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇنى ئويلىشىپ بېقىش ئېھتىماللىقىڭىز تېخىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. چۈنكى، سىز ھاياتىڭىزنىڭ كۆپ قىسىم ساھەلىرىدە ئۇلار بىلەن ئورتاقلىقىڭىز بولغاچقا، «بۇ يېڭى مەسىلىدىمۇ ئۆز پىكىرىمنى ئۆزگەرتىشىم كېرەكمۇ، قانداق؟» دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن. لېكىن، ئاشۇ رادىكال پىكىر قىممەت قارىشى سىزنىڭكىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان بىراۋ تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلسا، «ماۋۇ ساراڭنىڭ تاپقان گېپىنى قارا!» دەپلا ئۆتۈپ كېتىش ئېھتىماللىقىڭىز تېخىمۇ يۇقىرى بولىدۇ.

ئىدىيەنى چاستوتا سپېكترى ئارقىلىق ئىپادىلەش بۇ خىل پەرقنى ئوبرازلاشتۇرۇشنىڭ چارىلىرىدىن بىرىدۇر. ئەگەر سىز بۇ چاستوتا سپېكترىنى ئون بۆلەككە بۆلسىڭىز ۋە ئۆزىڭىزنى يەتتىنچى بۆلەكتە دەپ پەرەز قىلسىڭىز، ئۇنداقتا بىرىنچى بۆلەكتىكى كىشىنى قايىل قىلىمەن دېيىشىڭىز ئانچە ئەھمىيىتى يوق، چۈنكى ئارىدىكى پەرق بەك چوڭ. سىز يەتتىنچى بۆلەكتە بولسىڭىز، ۋاقىتىڭىزنى ئەڭ ياخشىسى ئالتىنچى ياكى سەككىزىنچى بۆلەكتىكى كىشىلەرنى قايىل قىلىشقا سەرپ قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزىڭىز تەرەپكە تارتقىنىڭىز ئەۋزەل.

ئەڭ كەسكىن بەس-مۇنازىرىلەر مەزكۇر چاستوتا سپېكترىنىڭ ئىككى ئۇچىدىكىلەر ئارىسىدا كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، يېقىن چاستوتا بۆلەكلىرى ئارىسىدىكىلەرنىڭ ئۆزئارا ئۆگىنىش نىسبىتى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ. سىز بىراۋغا قانچە يېقىن بولسىڭىز، ئاراڭلاردا ئىختىلاپ كۆرۈلگەن بىر ياكى ئىككى چۈشەنچە ئاستا-ئاستا ئىدىيەڭىزگە سىڭىپ كىرىپ، تەپەككۇرىڭىزنى قايتىدىن شەكىللەندۈرىدۇ. بىر ئىدىيە سىزنىڭ مەۋجۇت مەۋقەيىڭىزگە قانچە يىراق بولسا، سىزنىڭ ئۇنى تەلتۆكۈس رەت قىلىش ئېھتىماللىقىڭىز شۇنچە زور بولىدۇ.

كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتىشتە، بىراقلا بىر ئۇچتىن يەنە بىر ئۇچقا ھالقىغىلى بولمايدۇ. سىز چاستوتا سپېكترىدىن سەكرەپ ئەمەس، قەدەممۇ قەدەم سىيرىلىپ چۈشۈشىڭىز كېرەك.

كىشىلەر ئۆزىنىڭ مەۋجۇت دۇنيا قارىشىدىن كۆرۈنەرلىك پەرقلىق ھەرقانداق ئىدىيەنى خەتەرلىك دەپ قارايدۇ. ھالبۇكى، خەتەرلىك ئىدىيە توغرىسىدا تەپەككۇر قىلىشقا ئەڭ ماس كېلىدىغىنى بىخەتەر مۇھىتتۇر. شۇ ۋەجىدىن، كىتابلارنىڭ ئىدىيەنى ئۆزگەرتىش جەھەتتىكى رولى سۆھبەت ياكى بەس-مۇنازىرىلەرنىڭكىدىن ياخشى بولىدۇ.

سۆھبەتتە، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئورنى ۋە قىياپىتى توغرىسىدا ئىنچىكە ئويلىنىشقا مەجبۇر. ئۇلار يۈزىنى تۆكۈۋېلىشتىن، ھاقامەتتەك كۆرۈنۈپ قېلىشتىن ساقلىنىشقا تىرىشىدۇ. كىشىلەر ئۆزلىرىنى بىئارام قىلىدىغان بىر قاتار پاكىتلارغا يۈزلەنگەندە، دادىل ھالدا خاتالىقنى ئېتىراپ قىلىشنىڭ ئورنىغا، ئۆز مەۋقەسدە تېخىمۇ چىڭ تۇرۇۋالىدۇ.

كىتاب بولسا بۇ خىل جىددىيلىكتىن خالىي. كىشى كىتاب ئوقۇغاندا، سۆھبەت پەقەت ئۇنىڭ كاللىسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ ۋە بۇ جەرياندا باشقىلار تەرىپىدىن باھالىنىش خەۋپى بولمايدۇ. (يۈز تۇرانە سۆھبەتلەشكەن چاغدىكىدەك) باشقىلاردىن مۇداپىئەلىنىش زۆرۈرىيىتى بولمىغاندا، كىشىلەر مەسىلىگە تېخىمۇ ئوچۇق ـ يورۇق مۇئامىلە قىلالايدۇ.

بەس ـ مۇنازىرە كىشىنىڭ كىملىكىگە قىلىنغان ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇمغا ئوخشايدۇ. كىتاب ئوقۇش بولسا كىشىنىڭ مېڭىسىگە مەلۇم بىر ئىدىيەنىڭ ئۇرۇقىنى تىكىپ، ئۇنى ئۆز ھالى بويىچە ئۆسۈپ چىقىشقا قويۇۋېتىشكە ئوخشايدۇ. كىشىنىڭ ئۆز مېڭىسىدىكى مەۋجۇت ئىدىيەنى يېڭىشىگە نۇرغۇن كۈرەش جەريانى كېتىدۇ.

## نېمە ئۈچۈن خاتا ئىدىيەلەر داۋاملىشىۋېرىدۇ؟

باتىل ئىدىيەلەرنىڭ داۋاملىشىشىدىكى يەنە بىر سەۋەب كىشىلەرنىڭ ئۇلار ھەققىدە داۋاملىق پاراڭلىشىدىغانلىقىدۇر.

مەلۇم بىر ئىدىيە توغرىسىدا سۈكۈت قىلىش ئاشۇ ئىدىيەنى ئۆلتۈرگەنگە باراۋەردۇر. ئەزەلدىن دېيىلىپ ياكى يېزىلىپ باقمىغان ئىدىيە شۇ ئىدىيەنى ئويلاپ چىققان كىشى بىلەن تەڭ ئۆلۈپ تۈگەيدۇ. ئىدىيە پەقەت تەكرارلىنىش ئارقىلىقلا ئەستە ساقلىنىدۇ ۋە ئىشىنىلىدۇ.

ئىلگىرىمۇ قەيت قىلغىنىمدەك، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئوخشاش ئىجتىمائىي توپقا تەۋە ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلىش ئۈچۈن پىكىرلەرنى تەكرارلايدۇ. لېكىن، بۇ يەردە نۇرغۇن كىشىلەر نەزەردىن ساقىت قىلغان ھالقىلىق بىر نۇقتا مەۋجۇت:

كىشىلەر باتىل ئىدىيەلەر توغرىسىدا ۋايىسغاندا، ئۇلارنى تەكرارلايدۇ. سىز بىر ئىدىيەنى تەنقىدلەشتىن ئىلگىرى، ئۇنى تىلغا ئېلىشقا مەجبۇر بولىسىز. نەتىجىدە، سىز كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلغان پىكىرنى تەكرارلايسىز. لېكىن، سىز شۇ ھەقتە سۆزلەشنى داۋاملاشتۇرغان مۇددەتتە، كىشىلەر ئۇنى ئۇنتۇپ كېتەلمەيدۇ. يەنە سىز باتىل ئىدىيەنى قانچە كۆپ تەكرارلىغانسېرى، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئىشىنىش ئېھتىماللىقىمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ.

بىر ئىدىيەگە ــ ھەتتا، ئۇ خاتا بولغان تەقدىردىمۇ ــ ئىشىنىدىغانلارنىڭ سانى شۇ ئىدىيەنىڭ ئۆتكەن بىر يىلدىكى تەكرارلىنىش چاستوتىسى بىلەن ئوڭ تاناسىپ تۈزىدۇ.

سىز ھەر قېتىم باتىل ئىدىيەگە (ئۇنى تەپسىلىي بايان قىلغان شەكىلدە) ھۇجۇم قىلغاندا، ئۆزىڭىز ھالاك قىلماقچى بولغان مەخلۇققا يەم تاشلاپ بېرىۋاتقان بولىسىز. بىر تۋىتېر خىزمەتچىسىنىڭ يازغىنىدەك: «سىز ھەر قېتىم خۇيىڭىزنى تۇتقۇزغان بىرىنىڭ تۋىتېر يوللانمىسىنى ھەمبەھىرلىگەندە ياكى نەقىل كەلتۈرگەندە، ئۇلارغا ياردەم قىلغان بولىسىز.» شۇڭا، سىز باتىل ئىدىيەلەرنى ئاغدۇرۇشتىن بەكرەك، توغرا پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ۋە ئامال بار كۆپ ئادەمگە يەتكۈزۈشكە تىرىشىشىڭىز كېرەك.

بۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەب شۇكى، نۇرغۇن كىشىلەر ھەقىقەتنى بىلىۋېلىش مەقسىتىدە ئەمەس، بەلكى يېڭىپ چىقىش مەقسىتىدە مۇنازىرىلىشىدۇ. بۇ ھەقتە، جۇلىيا گالېف (Julia Galef) مۇنداق دېگەن: «كىشىلەر دائىم چارلىغۇچىدەك ئەمەس، بەلكى جەڭچىدەك ئىش قىلىدۇ. يەنى ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن ئوخشىمىغان پىكىردىكى كىشىلەرنى مەغلۇپ قىلىشنىڭ كويىدا يۈرىدىغان <ئەقىل جەڭچىلىرى>گە ئوخشايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىدە، چارلىغۇچىلار بولسا <ئەقىل ئېكسپېدىتسىيەچى>لىرىگە ئوخشاش، باشقىلار بىلەن بىرلىكتە قەدەممۇ قەدەم يەر شەكلى خەرىتىسى سىزىپ چىقىشقا تىرىشىدۇ، ئۇلارنىڭ تۈرتكىسى (يېڭىش ئەمەس) قىزىقىشتۇر.»

ئەگەر سىز ئۆز ئىدىيەڭىزنى باشقىلارغا قوبۇل قىلغۇزماقچى بولسىڭىز، جەڭچىدەك ئەمەس، چارلىغۇچىدەك يول تۇتۇشىڭىز كېرەك. بۇ تۇتۇمنىڭ يادروسىدا مۇنداق بىر سوئال ياتىدۇ: «سىز سۆھبەتنى داۋاملاشتۇرالاش ئۈچۈن، غەلىبىدىن ۋاز كېچىشكە رازىمۇ؟»

## ئاۋۋال مۇلايىم، ئاندىن توغرا بولۇڭ

تالانتلىق ياپونىيە يازغۇچىسى خارۇكى مۇراكامى (Haruki Murakami) شۇنداق دەپ يازغان: «شۇنى ھېچقاچان ئەستىن چىقارماڭكى، مۇنازىرىلىشىپ قارشى تەرەپنى يېڭىش سىز مۇنازىرىلەشكەن ئادەمنىڭ رېئاللىقىنى ۋەيران قىلىۋەتكەنلىكتۇر. كىشىنىڭ ئۆز رېئاللىقىنى يوقىتىپ قويۇشى ئازابلىقتۇر. شۇڭا مەۋقەيىڭىز توغرا بولغان تەقدىردىمۇ، چوقۇم مۇلايىم بولۇڭ.»

ئەگەر بىز دىققىتىمىزنى مۇنازىرىگىلا (يەنى قارشى تەرەپنى قايىل قىلىشقىلا) مەركەزلەشتۈرۈۋالساق، مەقسىتىمىزنىڭ باشقىلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىش، ھەمكارلىشىش، دوستلىشىش ۋە ئۇلارنى ئۆزىمىزنىڭ سېپىگە تارتىپ كېلىش ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالىمىز. يەنى بىز «يېڭىپ چىقىش» بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ئالاقە ئورنىتىشقا سەل قارايمىز. كىشىلەر مۇنازىرە جەريانىدا باشقىلارنى ئۆز يېنىغا تارتىشتىن بەكرەك، ئۇلارغا قالپاق كىيدۈرۈشكە ئالدىراپ كېتىدۇ.

ئىنگلىزچىدە «مۇلايىم» (Kind) دېگەن سۆز «تۇغقان» (Kin) دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان. يەنى باشقىلارغا مۇلايىم بولۇش دېگەنلىك ئۇلارغا ئۇرۇق-تۇغقانغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش دېگەنلىكتۇر. مەنچە، بۇ باشقىلارنىڭ ئىدىيەسىنى ھەقىقىي تۈردە ئۆزگەرتىشنىڭ ياخشى ئۇسۇلىدۇر. سىز ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتمەكچى بولغانلار بىلەن دوستلۇق ئورنىتىڭ، ئۇنى تاماققا تەكلىپ قىلىپ، كىتاب سوۋغا قىلىڭ.

ئاۋۋال مۇلايىم، ئاندىن توغرا بولۇڭ.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://jamesclear.com/why-facts-dont-change-minds



# شى جىنپىڭنىڭ رەھبەرلىكىدىكى خىتاي نېمىشقا ھىندىستان ئۈچۈن ھەربىي تەھدىت ھېسابلىنىدۇ؟

# شى جىنپىڭنىڭ رەھبەرلىكىدىكى خىتاي نېمشقا ھىندىستان ئۈچۈن ھەربىي تەھدىت ھېسابلىنىدۇ؟

(ھىندىستان ۋاقىت گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان ماقالە)

**23-نويابىر خىتاينىڭ جېڭجوۋ شەھىرىدىكى دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ ئايفون قۇراشتۇرۇش زاۋۇتىدا خىتاي ئىشچىلار «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» سىياسىتىگە ۋە مائاشنى ئالالمىغانلىقىغا قارشى نامايىش قىلىپ، يۇقۇمدىن ساقلىنىش كىيىمى كىيگەن زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ساقچىلىرى بىلەن توقۇنۇشتى. گەرچە شى جىنپىڭ ئۈچىنچى نۆۋەت خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ باش سېكرېتارلىقىغا «سايلانغان» بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆتكەن قىرىق يىلدىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن ئىقتىسادىي ئېشىشقا دۇچ كەلگەن تۇنجى خىتاي رەھبىرى بولۇپ قالدى. خىتاينىڭ ۋاكسىنىسى ئاساسەن ئۈنۈمسىز بولۇپ، خىتاي دائىرىلىرىنى تىبەت بىلەن شەرقىي تۈركىستانىنىلا ئەمەس، ھەتتا بېيجىڭنىمۇ قىسمەن ياكى تەلتۆكۈس قامال قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. شى جىنپىڭنىڭ بۇ ئايدىكى يىگىرمە دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنى جەريانىدا غەرب ئەللىرىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن بولغان ئۇچرىشىشلىرى خىتاينىڭ «جەڭ بۆرىسى» دىپلوماتىيەسىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىدىن؛ نېپال، سىرىلانكا قاتارلىق دۆلەتلەر «خىتاي ئېكسپورت-ئىمپورت بانكىسى»نىڭ يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرزىگە قىزىقمىغانلىقتىن، خىتاينىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى»نىڭ ئۈنۈمسىز مۆلچەرگە ئايلىنىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ھالبۇكى، خىتاي ھەربىي خامچوتىنى ئاشۇرۇپ، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرغان تەيۋەن بىلەن ھىندىستانغا خىرىس قىلىۋاتىدۇ.**

**ئىقتىسادىي ئېشىشتىكى تۇرغۇنلۇقتا ۋە مەملىكەت مىقياسىدىكى ئىچكى بېسىمنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا ئەگىشىپ، شى جىنپىڭ ماۋ زېدوڭغا ئوخشاش يول تۇتۇپ، ھەربىي ۋەزىيەت پەيدا قىلىپ، ياشلارنىڭ ئىشسىزلىق نىسبىتى رېكورت ياراتقان بۇ كوممۇنىستىك دۆلەتتىكى ئىچكى غەزەپنى باشقا ياققا بۇراش ئارقىلىق، خەلقنىڭ مىللەتچىلىك ھېسلىرىنى كۆزۈكلىشى مۇمكىن. شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، نەچچە ئون مىليون خىتاينىڭ ئاچارچىلىق ۋە قەھەتچىلىكتە ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان «چوڭ سەكرەش ئىلگىرىلەش» مەغلۇبىيىتى ماۋ زېدوڭنىڭ 1962-يىلى ھىندىستانغا ئۇرۇش ئېچىشىغا سەۋەب بولغانىدى. گەرچە تەيۋەن ئامېرىكا تەرىپىدىن قوغدالسىمۇ، ھىندىستاننىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئۆز-ئۆزىگە خوجىلىق ھوقۇقى يېقىن كەلگۈسىدە خىتاينىڭ ھۇجۇم نىشانىغا ئايلىنىشى مۇمكىن. باش مىنىستىر نارېندرا مودى ۋە ئۇنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىك پىلانلىغۇچىلىرى بۇنىڭغا چوقۇم جىددىي مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. «تۆت تەرەپ بىخەتەرلىك دىيالوگى» ئۈچۈن، 3488 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئەمەلىي كونترول لىنىيەسى (LAC) بويىدىكى ھەر قانداق جايدا ھىندىستان زېمىنىغا بېسىپ كىرىپ، ھىندىستاننى ھەربىي جەھەتتىن**

**هاقارەتلەشتىنمۇ بەكرەك ئىبرەت بولغۇدەك يەنە نېمە ئىش بار؟ خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭغا بىۋاستە دوكلات قىلىدىغان خىتاي ئارمىيەسىنىڭ ئەمەلىي كونترول سىزىقى بويىدا ھەربىكەت قىلىشۋاتقانلىقىنى ئويلاشقاندا، بۇ ئىستراتېگىيەلىك سىنارىيە ئەمەس، بەلكى روشەن ئېھتىماللىقتۇر.**

**گەرچە خىتاينىڭ ھەربىي باياناتچىلىرى 2020-يىلى 5-ئايدا خىتاي ئارمىيەسى شەرقىي لاداختا ئەمەلىي كونترول لىنىيەسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملاشقانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن خىتاي ئارمىيەسى ئىشغال قىلىنغان ئاقساي چىندا ۋە شەرقىي تۈركىستاندا قوشۇنلىرىنى جابدۇشقا باشلىغاندىن تارتىپ، ئەھۋال تامامەن ئۆزگىرىشكە باشلىدى. كىشىنى ھەممىدىن بەك تەشۋىشكە سالىدىغىنى شۇكى، ئالدىنقى ئايدا خىتاي 20-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتايىنى ئېچىشتىن بىر ئاي بۇرۇن يەنە تۆت بىرلەشمە قوراللىق بىرىگادىنى زاپاس قوشۇن سۈپىتىدە شەرقىي بۆلەككە ئورۇنلاشتۇردى. ھالبۇكى ھىندىستان بىلەن خىتاي 2020-يىلى 5-ئايدىكى تاجاۋۇزدىن مەنبەلەنگەن چېگرا مەسىلىسىنى تېخى ھەل قىلىپ بولالمىغانىدى. خىتاينىڭ بىرلەشمە قوراللىق بىرىگادىسى ئەمەلىيەتتە زەمبىرەك، راكېتا ۋە برونېۋىك سەپلەنگەن، تەخمىنەن 4500 ئەسكەردىن تەركىب تاپقان جەڭ گۇرۇپپىسىدۇر. ھىندىستان خىتاينىڭ بىرلەشمە قوراللىق بىرىگادىلىرىغا بىر گەۋدىلەشكەن جەڭ گۇرۇپپىلىرى (Integrated Battle Groups) ئارقىلىق ئىنكاس قايتۇردى ۋە بۇ جەڭ گۇرۇپپىلىرى ئالدى بىلەن تاغدىكى قىسىملارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.**

**خەۋەرلەرگە كۆرە، خىتاي ئارمىيەسى ئۆزىنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىي ئۇرۇش رايونلىرىدىن تۆت بىرلەشمە قوراللىق بىرىگادا تەشكىللەپ، ئۇلارنى ھىندىستاننىڭ شەرقىي قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى رايونىنىڭ يېنىغا ئورۇنلاشتۇرغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر بىرىگادا سىلىگۇرى كارىدورىغا ياكى ئاتالمىش «توخۇ بوينى» رايونىدىكى فارى دزوڭغا (Phari Dzong)؛ يەنە بىرى تسونا دزوڭغا (Tsona Dzong)؛ قالغان ئىككىسى ئارۇناچال پرادېش رايونىدىكى نىيىڭچىگە (Nyingchi) يېقىن يەنبەيجەن (Yanbaijan) بىلەن بايىشىنسۇنگە (Bayixincun) ئورۇنلاشتۇرۇلغان. گەرچە ئۇلارنىڭ مەقسىتى قارىماققا تىبەتنى خىتايلاشتۇرۇشنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدىكى ئىچكى ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش بولۇشى مۇمكىن بولسىمۇ، ئەمما بۇ بىرلەشمە قوراللىق بىرىگادىلار ئەسلىدىكى بازىسىغا چېكىنمىگۈچە، شەرقتىكى ھەربىي تەھدىت يەنىلا يۇقىرى ھېسابلىنىدۇ.**

**گەرچە ھىندىستان شەرقىي بۆلەكتىكى خىتاي بىلەن بولغان چېگرا ئۇچرىشىشىدا بۇ جەڭ گۇرۇپپىلىرى مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بۇ بىرلەشمە قوراللىق بىرىگادىلار ھېلىھەم زاپاس كۈچ سۈپىتىدە ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، ئەسلى بازىسىغا قايتىدىغانلىقىدىن ھېچبىر ئالامەت يوق. بۇ ئورۇنلاشتۇرما ھىندىستاننى «تۆت تەرەپ بىخەتەرلىك دىيالوگى»دىن چېكىنىشكە ياكى ھىندى-تىنچ ئوكيان رايونىدا ئاكتىپ رول ئېلىش خىيالىدىن ۋاز كېچىشكە ئۈندىگەن ئاگاھلاندۇرۇش سىگنال بولۇشىمۇ مۇمكىن. ھىندىستانغا قوشنا ئەللەردىكى ئىقتىسادىي قالايمىقانچىلىقنى نەزەردە تۇتقاندا، خىتاي سىرىلانكا، مالدىۋ، نېپال، پاكىستان، بىرما، بۇتان، ھەتتا ئەسلىدىلا ھالى ۋەيران بولغان بېنگالدىمۇ داۋالغۇش پەيدا قىلىشى مۇمكىن.**

شى جىنپىڭنىڭ رەھبەرلىكىدىكى خىتاي بىۋاسىتە ھالدا ياكى ـــ گۇماشتىسى پاكىستان ئارقىلىق ـــ ۋاسىتىلىك ھالدا ھىندىستانغا داۋاملىق ھەربىي بېسىم ئىشلىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆتكەن بەش يىلدا «تۆت تەرەپ بىخەتەرلىك دىيالوگى»نىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچە گەۋدىلىنىپ كەتكەنلىكى، خىتاينىڭ مەزكۇر مېخانىزمنىڭ باش كۆتۈرۈشىدە قانداق رول ئوينىغانلىقى توغرىسىدا ئۆز-ئۆزىگە سوئال قويۇشى كېرەك. شۇنىمۇ ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، خىتاي چېگرادا ھىندىستانغا قانچە كۈچلۈك بېسىم قىلغانسېرى، ھىندىستان ئامېرىكاغا شۇنچە يېقىنلىششى مۇمكىن، چۈنكى مودى ھۆكۈمىتى ئىلگىرىكى بىرلەشمە تەرەققىيات ئىتتىپاقى (UPA) ھۆكۈمىتىگە ئوخشىمايدۇ، مودى ھۆكۈمىتىنىڭ ئالدىدا ئىدىئولوگىيەلىك توسالغۇلار يوق ھەمدە ئۇلار «ھىندىستاننىڭ مەنپەئەتى ھەممىدىن ئەلا» پرىنسىپى بويىچە ئىش قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھىندىستان رۇسىيەنىڭمۇ خىتايغا ئوخشاش يول تۇتۇپ، ھىندىستاننى مۇھىم ھەربىي تەمىنات ۋە سۇپىلاردىن مەھرۇم قىلماسلىقى ئۈچۈن، رۇسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. ھالبۇكى، ھىندىستان مۇھىم قاتتىق دېتال تەمىناتىدا ھەرقانداق دۆلەتكە تايىنىپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ھەربىي سانائىتىنى قۇرۇپ چىقىشى كېرەك. بۇ جەھەتتە، ھىندىستاننىڭ خۇسۇسىي تارماقلىرى چوقۇم كۆپچىلىكنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىقى لازىم.

گەرچە نۇرغۇن بيۇروكرات توسالغۇلار بار بولسىمۇ، ھىندىستاننىڭ سانائەت بۆيۈملىرى چوقۇم دۆلەت ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىلىشى؛ ھەرگىزمۇ خىتايدىن ئىبارەت رەقىبىدىن ئىمپورت قىلىنىش ئارقىلىق ھىندىستاننىڭ خىتاي بىلەن بولغان غايەت زور پاسسىپ سودا بالانسىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتمەسلىكى كېرەك. ھىندىستان ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى چوقۇم دۆلەت بىخەتەرلىك پىلانلىغۇچىلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، چېگرا ئۇل مۇئەسسەسە تۈرلىرىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈشى كېرەك. مەسىلەن، ھىماچال پرادېش ئارقىلىق لاداخقا بارىدىغان، ھەرقانداق (نەم، قۇرغاق) ھاۋا شارائىتىدە قوللانغىلى بولىدىغان مۇستەقىل لىنىيە ئېچىش ئۈچۈن، شىنكۇلا تاغ يولىنىڭ ئاستىدىن تونېل ئېچىش ئىجازەتنامىسىنىڭ تەستىقلىنىشىنىڭ كۈتۈلۈۋاتقىنىغا تۆت يىلدىن ئاشتى. نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش بەلگىلىمىلىرىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق خۇسۇسىي شىركەتلەرنىڭ ھىندىستاننىڭ مۇداپىئە سانائىتىدە تېخىمۇ چوڭ رول ئويىنىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىش تەدبىرىمۇ ھۆججەتتىن چىقىرىۋېتىلدى. گەرچە ھىندىستان ھۆكۈمىتى بۇ يېتەرسىزلىكلەرنى دېموكراتىك تۈزۈلمىنىڭ ۋابالى دېيىش ئارقىلىق يوللۇقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنسىمۇ، ئەمما مۇستەبىت خىتاي ھاكىمىيىتى ھىندىستاننىڭ بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىنى ساقلاپ ئولتۇرمايدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى


مەنبە:

https://www.hindustantimes.com/world-news/why-china-under-xi-poses-military-threat-to-india-101669305327798.html

# پاكىستان



# پاكىستان

ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستانىنىڭ تاشقورغان ۋە قاغىلىق ناھىيەلىرى بىلەن چېگرىلىنىدىغان، «يېنىمىز»دىكىلا دۆلەت بولغان پاكىستانىنىڭ تولۇق ئىسمى «پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»دۇر.

«پاكىستان» دېگەن بۇ ئىسىمنىڭ ئوردۇچىدىكى مەنىسى «پاك زېمىن» دېگەنلىك بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ پاكىستاندىكى پەنجاب، ئافغانىيە، كەشمىر، ئىندۇس ـ سىند قاتارلىق رايونلارنىڭ ئىسمىنىڭ باش ھەرپىنىڭ جۈغلانمىسى بولمىش «پاكى»غا پارسچىدە «زېمىن، جاي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «ستان» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان.

پاكىستانىنىڭ يەر يەر كۆلىمى 881 مىڭ 913 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان زېمىنىنىڭ (1 مىليون 828 مىڭ 418 كىلومېتىر) يېرىمىدىنمۇ كىچىكرەك كېلىدۇ. ئۇنىڭ جەنۇبىتا ئەرەب دېڭىزى ۋە ئومان دېڭىز قولتۇقىدا 1046 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى دېڭىز قىرغىقى بار. ئۇ شەرقتە ھىندىستان، غەربتە ئافغانىستان، غەربىي جەنۇبتا ئىران، شەرقىي شىمالدا ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شىمالدا ئافغانىستانىنىڭ ۋاخان كارىدورى پاكىستان بىلەن تاجىكىستانىنى ئىنچىكە لىنىيە ئارقىلىق ئايرىپ تۇرىدۇ، ئۇ يەنە دېڭىزدا ئومان بىلەن چېگرىلىنىدۇ.

پاكىستانىنىڭ نوپۇسى 242 مىليوندىن (2022 ـ يىلدىكى تەخمىنىي ستاتىستىكا) ئاشىدىغان بولۇپ، نوپۇس جەھەتتە دۇنيادا بەشىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. پاكىستان نوپۇسىدا پەنجابلىقلارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، 44.7 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا پۇشتۇلار (15.4 پىرسەنت)، سىندىلار (14.1 پىرسەنت)، سارايكىلار (8.4 پىرسەنت)، مۇھاجىرلار (يەنى كېيىن ھىندىستاندىن كۆچۈپ كەلگەن مۇسۇلمانلار 7.6 پىرسەنت)، بالۇچلار (3.6 پىرسەنت)نىڭ سانى ئەڭ كۆپ. شۇنداقلا، پاكىستان نوپۇسىنىڭ 96.5 پىرسەنتى مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ يەنە مۇسۇلمان نوپۇسىنىڭ كۆپلۈكى جەھەتتە ھىندونېزىيەدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

پاكىستانىنىڭ پايتەختى ئىسلامئاباد، ئەڭ چوڭ شەھىرى ۋە پۇل مۇئامىلە مەركىزى بولسا كاراچىدۇر. ئىسلام دىنى پاكىستانىنىڭ رەسمىي دۆلەت دىنى، ئوردۇ تىلى بىلەن ئىنگلىز تىلى پاكىستانىنىڭ دۆلەت تىلىدۇر.

پاكىستان ئەسلىدە ھىندىستانىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، 1858 ـ يىلى ئەنگلىيەنىڭ ھىندىستانىنىڭ ئىشغال قىلىشى نەتىجىسىدە، ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلانغان. 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا

ئەنگلىيە ئىشغالىيىتىدىكى ھىندىستاننى ئىككىگە بۆلۈپ، مۇسۇلمانلار ئولتۇراقلاشقان جايلارغا مۇستەقىللىق بېرىلىشىنى تەلەپ قىلغان، مۇھەممەد ئەلى جىننانىڭ يېتەكچىلىكىدىكى «پاكىستان ھەرىكىتى»نىڭ نەتىجىسىدە، پاكىستان 1947 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى مۇستەقىللىق جاكارلاپ، ئەنگلىيە فېدېراتسىيەسىگە قاراشلىق دومىنىئونغا (Dominion ــــ ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ مۇستەملىكە تۈزۈلمىسىگە خاس دۆلەت سىستېمىسى بولۇپ، بۇنى مۇستەملىكىلەرنىڭ مۇستەقىل بولۇشىدىكى ئاخىرقى قەدەم دېيىشكە بولىدۇ، ت) ئايلانغان. 1956 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى رەسمىي قۇرۇلغان ۋە بۈگۈنكى بېنگالىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. كېيىنكى ئىچكى مىللىي توقۇنۇشلار ۋە 1971 ـ يىلى ھىندىستاننىڭ مۇداخىلە قىلىشى نەتىجىسىدە، قانلىق ئۇرۇشلاردىن كېيىن بېنگال خەلق جۇمھۇرىيىتى پاكىستاندىن ئايرىلىپ مۇستەقىللىق جاكارلىغان. پاكىستان ھازىرمۇ ئەنگلىيە فېدېراتسىيەسىگە ئەزا دۆلەتتۇر.

پاكىستان يەنە ب د ت، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى، ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى، جەنۇبىي ئاسىيا رايونلۇق ھەمكارلىق تەشكىلاتى قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ ئەزاسىدۇر.

## ھەربىي كۈچى

پاكىستان ئوتتۇراھال كۈچلۈك دۆلەت (Middle power ــــ خەلقئارالىق مۇناسىۋەتتە ئىشلىتىلىدىغان ئاتالغۇ بولۇپ، دەرىجىدە تاشقىرى كۈچمۇ (superpower) ياكى چوڭ كۈچمۇ (great power) بولمىغان، ئەمما خەلقئارادا يەنىلا ئوتتۇراھال ياكى كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە دۆلەتلەرنى كۆرسىتىدۇ، ت) ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، دۇنيادىكى ئالتىنچى چوڭ (651 مىڭ 800 كىشىلىك) مۇنتىزىم ئارمىيەگە ئىگە. بۇنىڭدىن سىرت، پاكىستان دۇنيادىكى يادرو قورالىغا ئىگە ئىكەنلىكى رەسمىي ئېتىراپ قىلىنغان بىردىنبىر مۇسۇلمان دۆلىتى بولۇپ، ئۇ ھازىرغىچە «يادرو قوراللىرىنى كېڭەيتمەسلىك كېلىشىمى»گە ئەزا ئەمەس. لېكىن، ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، يادرو قورالى دۇنيادىكى مەۋجۇت ھەربىي چۆچۈتۈش ۋاستىلىرىنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىكى دەپ قارىلىۋاتقان بۇ دەۋردە، پاكىستان ھەم ئۆزىنىڭ، ھەم باشقا مۇسۇلمان ئەللەر ۋە خەلقلەرنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش جەھەتتە، بۇ كوزىردىن لايىقىدا پايدىلىنالمايۋاتىدۇ.

پاكىستان ئامېرىكا، تۈركىيە ۋە خىتاي بىلەن يېقىن ھەربىي مۇناسىۋەتكە ئىگە بولۇپ، بۇ دۆلەتلەر قەرەللىك ھالدا پاكىستانغا ھەربىي ئەسلىھە ۋە تېخنىكا ئېكسپورت قىلىپ تۇرىدۇ.

## پاكىستان ـ ھىندىستان توقۇنۇشلىرى

پاكىستان 1947 ـ يىلىدىن بۇيان ھىندىستان بىلەن ئۈچ قېتىم ئۇرۇش قىلغان بولۇپ، بىرىنچى قېتىملىق ئۇرۇشتا ھىندىستان بىلەن غەربىي كەشمىرنىڭ كونتروللۇقىنى تالاشقان. ھىندىستان ـ پاكىستان ئارىسىدىكى بۇ زېمىن دەتالاشلىرى 1965 ـ يىلى يەنە بىر قېتىملىق ئۇرۇشقا سەۋەب بولغان. ئۈچىنچى قېتىم

1971 ـ يىلى بېنگال قىسىملىرى بىلەن ئۇرۇشقان ۋە ھىندىستاننىڭ مۇداخىلىسى سەۋەبلىك بۇ ئۇرۇشتا يېڭىلىپ، بېنگالنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان. شۇنداقلا، شۇ يىلى پاكىستان ـ ھىندىستان ئارىسىدىكى دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈپ، 1976 ـ يىلى ئەسلىگە كەلگەن.

## ئىقتىساد

سېتىۋېلىش ئىقتىدارى تەڭلىكى (Purchasing power parity) بويىچە ھېسابلىغاندا، پاكىستان ئىقتىسادى دۇنيادا 23 ـ ئورۇندا، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى (GDP) بويىچە ھېسابلىغاندا، دۇنيادا 42 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. پاكىستان تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت دەپ قارىلىدىغان بولۇپ، «كېيىنكى 11» تەشكىلاتىنىڭ، يەنى 21 ـ ئەسىردە دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدىلەرگە ئايلىنىش يوشۇرۇن كۈچىگە ئىگە دەپ قارالغان 11 دۆلەتتىن تەشكىل تاپقان تەشكىلاتنىڭ ئەزاسىدۇر.

پاكىستاننىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىشتىن مۇلازىمەتنى ئاساس قىلىشقا ئۆزگەرگەن بولۇپ، 2015 ـ يىلى يېزا ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئاران 20.9 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن.

نەچچە ئون يىللىق ئىجتىمائىي داۋالغۇش سەۋەبلىك، پاكىستاندا تۆمۈر يول ترانسپورتى ۋە توك تارقىتىش قاتارلىق ئۇلۇق مۇلازىمەتلەرنى ماكرولۇق باشقۇرۇش جەھەتتە ئېغىر يېتەرسىزلىكلەر مەۋجۇت، ماكرو ئىقتىساد تەڭپۇڭسىز. پاكىستان ئىقتىسادى يېرىم سانائەتلەشكەن دەپ قارىلىدۇ، ئېشىش مەركەزلىرى ئاساسلىقى ھىندى دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان. سانائەت ئىقتىسادتىكى ئىككىنچى چوڭ ساھە بولۇپ، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 19.74 پىرسەنتىنى، ئومۇمىي ئىش ئورنىنىڭ 24 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

توقۇمىچىلىق سانائىتى پاكىستاننىڭ ياسىمىچىلىق ساھەسىدە مۇھىم ئورۇنغا ئىگە. پاكىستان ئاسىيادىكى توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىدىغان سەككىزىنچى چوڭ دۆلەت بولۇپ، بۇ ساھە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 9.5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ ۋە تەخمىنەن 15 مىليون كىشىنى خىزمەت بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## مائارىپ

پاكىستاندىكى رەسمىي مائارىپ 16 يىللىق بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپ بەش يىل، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئۈچ يىل، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئۈچ يىل، ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ تەييارلىق باسقۇچى ئىككى يىل ۋە تولۇق كۇرس ئۈچ يىل. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئاستىدىكى مائارىپ ھەقسىز. رەسمىي

مائارىپ تىلى ئوردۇ تىلى بولۇپ، ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى قاتلامدىكى ئائىلىلەرنىڭ بالىلىرى كۆپىنچە ئىنگلىز تىلىدا تەربىيەلىنىدۇ.

پاكىستاندىكى ئەڭ داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلاردىن پاكىستان دۆلەتلىك پەن ـ تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، كاراچى ئۇنىۋېرسىتېتى، فاتىمە جىننا تىببىي ئىنستىتۇتى، پادىشاھ ئېدۋارد تىببىي ئىنستىتۇتى، پاكىستان توقۇمىچىلىق ئىنستىتۇتى، پېشاۋار ئۇنىۋېرسىتېتى، ئاگا خان تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، لاھور قۇرۇلۇش ۋە تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىقلارنى ساناش مۇمكىن.

## پاكىستان ـ خىتاي مۇناسىۋىتى

ھىندىستان بىلەن بولغان ئۆكسۈمەس زىددىيىتى سەۋەبلىك خىتاي بىلەن يېقىن ئۆتۈشنى توغرا ئىستراتېگىيە دەپ قارىغان پاكىستان 1950 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، يەنى كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇپ ئۈچ ئايدىن كېيىنلا خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلغان ھەمدە بۇ ئىككى دۆلەت 1951 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى ئىزچىل قويۇقلىشىپ ماڭغان.

2013 ـ يىلى 5 ـ ئايدا خىتاي باش مىنىستىرى لى كېچياڭ پاكىستاننى زىيارەت قىلغاندا شەرقىي تۈركىستاندىن پاكىستاننىڭ گۋادار پورتىغىچە يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول ۋە تۆمۈر يول ياساش؛ نېفت ۋە تەبىئىي گاز تۇرۇبا لىنىيەلىرىنى تەسىس قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «خىتاي ـ پاكىستان ئىقتىسادىي كارىدورى» قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان ۋە 2014 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، خىتاي باش مىنىستىرى لى كېچياڭ بىلەن پاكىستان باش مىنىستىرى ناۋاز شېرىف ئورتاق ئىشتىراك قىلغان سورۇندا ئىككى دۆلەت ئەمەلدارلىرى «خىتاي ـ پاكىستان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كارىدورى —— ئېنېرگىيە تۈرى ھەمكارلىق كېلىشىمى»نى ئىمزالاشقان.

2015 ـ يىلى خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ پاكىستاننى رەسمىي زىيارەت قىلىپ، ئىككى دۆلەت «خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ چەكلىمىسىز ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتقانلىقى توغرىسىدىكى بىرلەشمە باياناتى»نى ئىمزالاشقان ۋە پاكىستان ئۇيغۇرلارغا مىسلىسىز زۇلۇم قىلىۋاتقان خىتايغا تېخىمۇ ئېغىر دەرىجىدە باغلانغان. بۈگۈن، پاكىستان ئۆزىنىڭ «يادرو دۆلىتى»لىك ئورنىغا زىت ھالدا، خىتايغا قاراتقان خۇشامەتگۈي تۇتۇمى بىلەن تونۇلىدىغان ھالغا كەلدى ۋە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقى توغرىسىدا بىرەر قېتىممۇ خىتايغا قارىتا تەنقىدىي پىكىر بىلدۈرۈپ باقمىدى.

يۇقىرىدا كېيىن بولۇنغان «خىتاي ـ پاكىستان ئىقتىسادىي كارىدورى» تۈرىنىڭ تىپىك ۋەكىللىك قۇرۇلۇشلىرىدىن بىرى بولغان قارا قۇرۇم تاشيولى («خىتاي ـ پاكىستان دوستلۇق تاشيولى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دۇنيادىكى ئەڭ ئېگىز ئاسفالىت يول بولۇپ، پاكىستاننىڭ ئابىبوتئاباد شەھىرىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ

قەشقەر شەھىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان بۇ يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1287 كىلومېتىر كېلىدۇ. يولنىڭ ئەڭ ئېگىز نۇقتىسى قونجىراپ ئېغىزىدا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4800 مېتىر كېلىدۇ. بۇ يول تاغ ـ تۆپىلىك، جىلغا، مۇزلۇق، كۆل ۋە دەريالارنى كېسىپ ئۆتىدىغان بولغاچقا، يولنىڭ ھەر بىر ئەگىلمىسىدە ئاجايىپ مەنزىرىلەر كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا زاھىرلىنىدۇ.

مەزكۇر تۈرگە تەۋە، شۇنداقلا پەۋقۇلئاددە مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە يەنە بىر ئورۇن گۋادار پورتى بولۇپ، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ چوڭقۇر دېڭىز پورتى بولغان بۇ پورت پاكىستاننىڭ غەربىي جەنۇبىغا، يەنى بالۇچىستان ئۆلكىسىگە جايلاشقان. 2013 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، پاكىستان گۋادار پورتىنىڭ قۇرۇلۇش ۋە تىجارەت ھوقۇقىنى خىتاينىڭ «خىتاي چەتئەل پورتلىرى پاي كونترول چەكلىك شىركىتى»گە (中国海外港口控股有限公司) رەسمىي ئۆتكۈزۈپ بەردى. 2015 ـ يىلى، پاكىستان گۋادار پورتىدىكى تۇنجى ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايوننىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن گۋادار پورتىدىكى 2000 مو يەرنى خىتايغا 43 يىللىق ئىجارىگە بەردى.

بۇ پورت خىتاي ـ پاكىستان تۆمۈر يولى ئارقىلىق قەشقەرگە تۇتىشىدىغان بولۇپ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان تەرەپتىن ئەرەب دېڭىزى بىلەن بولغان سودا ئالاقىسىدىكى مۇھىم تۈگۈنىدۇر. بۇ پورت يەنە خىتاينىڭ مالاككا بوغۇزىدىن نېفىت توشۇش مۇساپىسىنى زور دەرىجىدە قىسقارتتى.

پاكىستان توغرىسىدىكى بەزى ئۆزگىچىلىكلەر:

* دۇنيادىكى پۇتبوللارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى پاكىستاننىڭ سىيالكوت شەھىرىدە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان بولغاچقا، پاكىستان دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ قولدا تىكىلگەن پۇتبول ئىشلەپچىقارغۇچى دۆلەتتۇر. يېقىنقى ئىككى قېتىملىق دۇنيا لوڭقىسى پۇتبول مۇسابىقىسىدە ئىشلىتىلگەن پۇتبوللار پاكىستاندا تىكىلگەن.

* دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ تۇز كېنى خېۋرا (Khewra) پاكىستانغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ كان ھەر يىلى 325 مىڭ توننا تۇز ئىشلەپچىقىرىدۇ. دۇنياغا داڭلىق ھالرەڭ ھىمالايا تۇزىمۇ پاكىستاندىن چىقىدۇ.

* دۇنيادىكى ئۈچىنچى چوڭ سۇغىرىش سىستېمىسى ـــ پاكىستان نوپۇسىنىڭ كۆپىنچىسى دېھقانچىلىققا تايىنىدىغان بولغاچقا، بۇ دۆلەت 202 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرلىق تۇپراقنى تېرىش ئۈچۈن مۇرەككەپ ۋە كەڭ كۆلەملىك سۇغىرىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلغان.

ئۆتكۈر ئالماس تەييارلىدى

# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر



(2022 -يىلى 11– ئاينىڭ 1 – كۈنىدىن 11 – ئاينىڭ 27 - كۈنىگىچە)

# ئايلىق خەۋەر

(2022ـ يىلى 11ـ ئاينىڭ 1ـ كۈنىدىن، 11ـ ئاينىڭ 27ـ كۈنىگىچە)

**ئەللىك دۆلەت خىتاينى ب د ت نىڭ شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدىكى دوكلاتىدىكى تەۋسىيەلەرگە ئەمەل قىلىشقا ئۈندىدى**

**«فوكس خەۋەرلىرى» تورىنىڭ 1ـ نويابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكا، كانادا قاتارلىق ب د ت غا ئەزا ئەللىك دۆلەت 31ـ ئۆكتەبىر ب د ت ئومۇمىي كېڭىشى ئۈچىنچى كومىتېتىنىڭ يىغىنىدا ئۇيغۇرلار توغرىلىق ئورتاق بايانات ئېلان قىلىپ، سابىق ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى مىشېل باچېلېت ئېلان قىلغان شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدىكى دوكلاتنى مۇزاكىرە قىلىشنى قوللايدىغانلىقى بىلدۈرگەن، شۇنداقلا خىتاينى مەزكۇر دوكلاتتىكى تەۋسىيەلەرگە ئەمەل قىلىشقا ئۈندىگەن.**

**ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدە ئۇيغۇر مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىش تەكلىپ لايىھەسى 16ـ ئۆكتەبىر خىتاي ۋە ئۇنىڭ گۇماشتىلىرى تەرىپىدىن رەت قىلىنغاندىن كېيىنمۇ، مەزكۇر دۆلەتلەر بۇ چاقىرىق ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ قىسمىتىگە بولغان ئەندىشىلىرىنىڭ داۋاملىشۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن. 31ـ ئۆكتەبىردىكى يىغىندا، كانادانىڭ ب د ت دا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى روبېرت رېي بۇ ئەللىك دۆلەتكە ۋاكالىتەن ئورتاق باياناتنى ئوقۇپ ئۆتكەن.**

**ئىگىلىنىشىچە، بۇ ھازىرغا قەدەر ب د ت دا ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى باياناتتا ئەڭ كۆپ دۆلەتنىڭ ئىمزا قويۇشى بولۇپ، ب د ت دا شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدىكى دوكلاتنى قوللايدىغان دۆلەتلەرنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدىكەن.**

**ئېلون ماسكنىڭ تۆتېرنى سېتىۋېلىشى خىتايغا پايدىلىق دەپ قارالماقتا**

**«كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش» تەشكىلاتىنىڭ ئورگان تورىدا 2ـ نويابىر ئېلان قىلىنغان ماقالىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئىزچىل ھالدا ئۆزىنىڭ بىتەرەپ، ئەركىن پىكىر سۇپىسى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ كەلگەن، جۈملىدىن 2021ـ يىلى 12ـ ئايدا «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسمىتى توغرىسىدا، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئورگان**

تەرەپ تەشۋىقاتىغا گۇپپاڭچىلىق قىلغان» دېگەن سەۋەب بىلەن 2048 ھېساباتىنى ئۆچۈرۋەتكەن تۋىتېرنىڭ ئېلون ماسكنىڭ قولىغا ئۆتۈشى تۋىتېرنىڭ ئەسلىدىكى تۈزۈمنى ساقلاپ قالالىشىغا قارىتا گۇمان تۇغدۇرغان.

بۇنداق بولۇشىدا، خىتاي ئېلون ماسكنىڭ ئىلكىدىكى تېسلا توكلۇق ئاپتوموبىللىرىنىڭ ئىككىنچى چوڭ بازىرىدۇر. يەنە كېلىپ، ئېلون ماسك ئىزچىل ھالدا خىتايغا يېقىنلىشىش تۈزۈمىنى ئىزھار قىلىپ كەلگەن بولۇپ، شۇلارنىڭ قاتارىدا، بۇلتۇر خىتاي ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ۋەھشىي جىنايەتلىرى سەۋەبلىك خەلقئارادا ئېغىر بېسىمغا دۇچ كېلىۋاتقاندا، ئېلون ماسك خەلقئارادىكى بېسىمغا پەرۋا قىلماستىن ئۈرۈمچىدە تارماق دۇكان ئاچقان. شۇنداقلا، ئۇ ئالدىنقى ئايدا يەنە «تەيۋەن مەسىلىسىنىڭ ھەل بولۇشى ئۈچۈن، تەيۋەن خىتاينىڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى بولۇشقا ماقۇل بولۇشى كېرەك» دەپ خىتاي دائىرىلىرىنى خۇش قىلىپ، تەيۋەنلىكلەرنىڭ غەزىپىنى قوزغىغان.

بۇنىڭدىن سىرت، ئىزچىل ھالدا ئۆزىنىڭ تۋىتېرنىڭ ئۇچۇرلارنى تەكشۈرۈش مېخانىزمىدىن بىزار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن ئېلون ماسك بۇ جەھەتتىكى تەكشۈرۈشنى بوشىتىپ، خىتاي دائىرىلىرىنىڭ تۋىتېردا ئۆزىگە پايدىلىق ساختا ئۇچۇرلارنى تارقىتىشىغا قولايلىق يارىتىشىمۇ مۇمكىن ئىكەن.

## خىتاي كانادانى خىتاي شىركەتلىرىنى باستۇردى دەپ ئەيىبلىدى

«theglobeandmail» تورىنىڭ 3 ـ نويابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي كانادانى خىتاينىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى شىركەتلىرىنى كانادانىڭ ئۈچ مۇھىم كان مەھسۇلاتلىرى شىركەتلىرىدىكى پېيىنى سېتىشقا قىستاش ئارقىلىق «خىتاي شىركەتلىرىنى باستۇردى» دەپ ئەيىبلىگەن.

ئىگىلىنىشچە، 2 ـ نويابىر كۈنى كانادا خىتاينىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى شىركەتلەرنى كانادانىڭ ئۈچ مۇھىم كان شىركىتىدىكى ھوقۇق ۋە مەنپەئەتىنى دەرھال ئۆتكۈزۈۋېتىشكە بۇيرۇغان. بۇ يىلىنىڭ بېشىدا، كانادا ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ كانادانىڭ كان سانائىتىگە بەك كۆپ مەبلەغ سېلىشىغا يول قويغانلىقى سەۋەبلىك ئىنتايىن ئېغىر تەنقىدلەرگە دۇچ كەلگەنىدى.

كانادا يېڭىلىق مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى فىرانسوۋا فىلىپ شامپان بۇ بۇيرۇقنى ئېلان قىلغاندا دۆلەت بىخەتەرلىكى ۋە تەمىنلەش زەنجىرىنى قوغداشنى تىلغا ئالغان.

خىتاينىڭ مۇھىم قېزىلما بايلىقلارغا مەبلەغ سېلىشىغا زەربە بېرىش كانادا ـ خىتاي مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشىلىنىشتىن شەپە يوق ھالەتتە يىرىكلىشىش يۈزلىنىشىنى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقارغان.

## ئايغى ئۆزۈلمىگەن ئۆلۈم ۋەقەلىرى سەۋەبلىك قاتتىق ئىچكى بېسىمغا دۇچ كەلگەن خىتاي دائىرىلىرى تاجىسمان ۋىرۇسقا قارشى تەدبىرلىرىنى يېنىكلىتىشى مۇمكىن

«abcnews» تورنىنىڭ 4 ـ نويابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، لەنجوۋ شەھىرىدە كارانتىن قىلىنغان بىنادىكى ئۈچ ياشلىق بىر بالا ئوكسىدتىن زەھەرلىنىپ، دوختۇرخانىغا ۋاقتىدا ئېلىپ بېرىلمىغانلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەن.

بالىنىڭ دادىسىنىڭ ئىجتىمائىي تاراتقۇ ھېسابىدا بىلدۈرۈشىچە، قورۇنى مۇھاپىزەت قىلىشقا مەسئۇل سەھىيە خادىملىرى قورۇنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەرگىلى ئۇنىمىغان ۋە ئۇنىڭ ئوغلىنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىشقا ياردەملەشمىگەن، ھەتتا ئۇنى دوختۇرخانىغا بېرىشتىن توسۇشقا ئۇرۇنغان.

گەرچە بۇ خىل ھادىسىلەر شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۈرۈمچى، غۇلجا قاتارلىق شەھەرلىرىدە تۈركۈملەپ يۈز بەرگەن ۋە دائىرىلەر تەرىپىدىن ئاساسەن شەپىسىز بېسىقتۇرۇۋېتىلگەن بولسىمۇ، مەزكۇر خىتاي بالىنىڭ ئۆلگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئىجتىمائىي تاراتقۇدىكى يازمىسى توردا كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىغان بولۇپ، خىتاي تورچىلىرى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» ئىستراتېگىيەسىنىڭ ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى بەدەل قىلىۋاتقانلىقىغا قارىتا غەزەپلىك ئىنكاسلارنى يوللاشقان.

بۇنىڭغا قارىتا، لەنجوۋ شەھەرلىك ھۆكۈمەت بايانات ئېلان قىلىپ، بۇ بالىنىڭ ئۆلۈمىدىن «چوڭقۇر قايغۇرغانلىقىنى ۋە پۇشايمان قىلغانلىقى»نى بىلدۈرگەن ھەمدە ئالاقىدار خادىملارنىڭ «جىددىي قۇتقۇزۇش ئېڭىنىڭ تۆۋەنلىكى»نى ئەيىبلىگەن. مەزكۇر باياناتتا يەنە بۇ ئىشقا لايىقىدا كۆڭۈل بۆلمىگەن مەمۇرىي خادىملارنىڭ «قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنىدىغانلىقى» ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئاۋازى ھېسابلىنىدىغان «يەرشارى ۋاقىت گېزىتى»نىڭ خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي دۆلەتلىك سەھىيە كومىتېتى بۇ ھەپتە دۆلەتنىڭ «تەسىرگە ئۇچراش دائىرىسىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ، ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ۋە ئەڭ تۆۋەن تەننەرخ بىلەن» يۇقۇمنى كونترول قىلىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بۇ «ھەددىدىن زىيادە قاتتىق تەدبىرلەر تۈپەيلىدىن كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلۈك ۋە ھاياتىغا زىيان سالغان خاتالىقلارنى تۈزىتىش»نى مەقسەت قىلغانىكەن.

## خىتاينىڭ ئەنگلىيەدىكى ۋەھشىيلىكلىرى داۋاملىق غۇلغۇلا قوزغىماقتا

ئەنگلىيەدە چىقىدىغان «كۈندىلىك تېلېگراما گېزىتى» تورى 5 ـ نويابىر «بېيجىڭ ئەنگلىيەدە ۋەھشىيلىك قىلىۋاتسا، بىز ئۇلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتتۇق» ماۋزۇلۇق بىر ماقالە ئېلان قىلغان بولۇپ، ماقالىدە ئەنگلىيەنىڭ مانچېستېر شەھىرىدىكى خىتاي كونسۇلخانىسىنىڭ ياۋايى دىپلوماتلىرىنىڭ خوڭكوڭلۇق نامايىشچىنى ئۇپچە دۇمباللىغانلىقى؛ شۇنداقلا خىتاينىڭ ئەنگلىيە زېمىنىدا كەم دېگەندە ئىككى «ساقچى پونكىتى» تەسىس قىلغانلىقى ۋە بۇ پونكىتلارنىڭ كونسۇلخانا مۇلازىمەتلىرى بىلەن تەمىنلەش نامىدا «گۇماندارلار»نى بايقاش، قورقۇتۇش ۋە ئۇلارنى قايتۇرۇپ ئەكېتىش ئۈچۈن ھەر خىل قانۇنسىز ھەرىكەتلەرنى پىلانلاۋاتقانلىقى؛ باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، خىتاينىڭ ئەنگلىيەنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا زىت رەۋىشتە، ئەنگلىيە زېمىنىدا ئۆز قانۇنىنى يۈرگۈزۈۋاتقانلىقى قاتتىق تەنقىدلەنگەن.

مەزكۇر چېگرا ھالقىغان قانۇنسىز «ساقچى پونكىتى»نىڭ بىرى جايلاشقان كرويدون رايونلۇق پارلامېنت ئەزاسى سارا جونېس بۇ ھەپتە پارلامېنتتا مەزكۇر رايوندا تىجارەت قىلىۋاتقان بىر شىركەتنىڭ ئۆزگە خىتاينىڭ پايدىسىغا خىزمەت قىلىش ھەققىدە سالاچىلىق قىلماقچى بولغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۇ دەسلەپتە بۇ ئىشنى چوقۇم بىر خىل قويمىچىلىق بولسا كېرەك دەپ ئويلىغان. لېكىن، كېيىن ھېلىقى شىركەتنىڭ ئۇنى ھەقىقەتەن خىتاي ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا ئۇرۇنغانلىقى مەلۇم بولغان.

مەزكۇر ماقالە ئۇتتېردا خېلى كۆپ ساندىكى سىياسەتچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئۇرغۇن كىشىلەر تەرىپىدىن ھەمبەھىرلەنگەن ۋە بەلگىلىك غۇلغۇلىغا قوزغىغان بولۇپ، بۇ خىتاينىڭ چەتئەلدىكى ھەددىدىن ئاشقان قىلمىشلىرىغا قارىتا نارازىلىقىنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدىكەن.

## <u>خىتاينىڭ باش ئەلچىسى شۋېتسارىيەنى خىتايغا جازا يۈرگۈزمەسلىك ھەققىدە ئاگاھلاندۇردى</u>

«رويتېرس ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 6 ـ نويابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاينىڭ بېرندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ۋاڭ شىنىڭ شۋېتسارىيەدە چىقىدىغان «Neue Zürcher Zeitung» گېزىتىگە مۇنداق دېگەن: «ئەگەر شۋېتسارىيە خىتاي ـ شۋېتسارىيە مۇناسىۋىتىگە كۆڭۈل بۆلسە، ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئوخشاش يول تۇتماسلىقى، يەنى خىتايغا جازا يۈرگۈزۈشتىن ساقلىنىشى كېرەك. ئەگەر شۋېتسارىيە جازا يۈرگۈزسە، ۋەزىيەت تېزگىنىدىن چىقىپ، خىتاي ـ شۋېتسارىيە مۇناسىۋىتى زىيانغا ئۇچرايدۇ.»

بۇلتۇر، ياۋروپا ئىتتىپاقى خىتاي ئەمەلدارلىرىنى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىش ۋە شەرقىي تۈركىستاندا كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىش بىلەن ئەيىبلىگەن ھەمدە 1989 ـ يىلى تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى نامايىش باستۇرۇلغاندىن بۇيان خىتايغا تۇنجى قېتىم جازا يۈرگۈزگەنىدى.

شۋېتسارىيەنىڭ ئىقتىسادىي جازا يۈرگۈزۈشكە مەسئۇل ئورگىنىنىڭ باشلىقى 7 ـ ئايدا بىر گېزىتنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، ئەگەر خىتاي تەيۋەنگە تاجاۋۇز قىلسا، بىتەرەپ دۆلەتلەرنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ خىتايغا قاراتقان ھەر قانداق جازا تەدبىرلىرىگە ئاۋاز قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى.

## <u>خىتاينىڭ پاكىستاندىكى «خىتاي ـ پاكىستان ئىقتىسادىي كارىدورى» تۈرىدە ئىشلەۋاتقان بارلىق ئىشچىلىرى ئوق ئۆتمەس ماشىنىلاردا توشۇلىدىغان بولدى</u>

«thehindu» تورىنىڭ 6 ـ نويابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي دائىرىلىرى پاكىستاندىكى خىتاي ئىشچىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە بولغان ئەندىشىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، پاكىستان بىلەن خىتاي پاكىستاندىكى «خىتاي ـ پاكىستان ئىقتىسادىي كارىدورى» (CPEC) تۈرىدە ئىشلەۋاتقان خىتاي

پۇقرالىرىنىڭ پاكىستاندىكى بارلىق دالا پائالىيەتلىرىدە ئوق ئۆتمەس ماشىنىلارغا ئولتۇرۇشى ھەققىدە كېلىشىم ھاسىل قىلغان.

«خىتاي ـ پاكىستان ئىقتىسادىي كارىدورى» تۈرى پاكىستاننىڭ ئەرەب دېڭىزىدىكى گۋادار پورتىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەشقەر شەھىرى بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان بولۇپ، ئاتمىش مىليارد دوللار مەبلەغ سېلىنغان بۇ تۈر خىتاينىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى»نىڭ بىر قىسمىدۇر.

مەلۇم بولۇشىچە، پاكىستاندا تۈرلۈك قۇرۇلۇشلاردا ئىشلەۋاتقان خىتاي ئىشچىلارنىڭ بىخەتەرلىكى ئېغىر باش قېتىنچىلىقىغا ئايلانغان بولۇپ، ئالدىنقى ھەپتە پاكىستان باش مىنىستىرى شاھباز شېرىفنىڭ بېيجىڭدىكى تۇنجى زىيارىتى جەريانىدا، خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ پاكىستاندىكى «خىتاي ـ پاكىستان ئىقتىسادىي كارىدورى» تۈرىدە ئىشلەۋاتقان خىتاي پۇقرالىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە «چوڭقۇر كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى»نى بىلدۈرگەن ۋە ئۇلار ئۈچۈن «ئىشەنچلىك ۋە بىخەتەر مۇھىت بەرپا قىلىنىشى»نى تەلەپ قىلغاندى.

## ۋاتىكاننىڭ خىتاي بىلەن بولغان مەخپىي كېلىشىمنى يېڭىلىغانلىقى تەنقىدكە ئۇچرىدى

«washingtonexaminer» تورىنىڭ 7 ـ نويابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكا خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتىنىڭ كومىسسارى دېيۋىد كۇرى خىتاي ئەركىنلىكنى باستۇرۇۋاتقان ئۇشبۇ پەيتلەردە، ۋاتىكاننىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن مەخپىي كېلىشىمنى يېڭىلاش قارارىنى تەنقىدلىگەن.

دېيۋىد كۇرى: «ئامېرىكا خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتى ۋاتىكاننىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن كاتولىك ئېپىسكوپلىرىنى تەيىنلەش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق كېلىشىمنى يېڭىلاش قارارىدىن ئۈمىدسىزلەندى» دېگەن.

ئۇ ۋە باشقا كومىسسارلارغا كۆرە، تۆت يىل ئىلگىرى خىتاي بىلەن ۋاتىكان ئارىسىدا تۇنجى قېتىم كېلىشىم ھاسىل قىلىنغاندىن بۇيان، خىتايدىكى كاتولىك دىنى مۇرىتلىرى، باشقا خىرىستىيانلار ۋە دىنىي ئاز سانلىقلارنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ناچارلاشقان.

## مۇتەخەسسىلەر خىتاينىڭ جاسۇسلۇق يۇمشاق دېتالى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارغا قارىتا جاسۇسلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى

«hindustantimes» تورىنىڭ 11 ـ نويابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، سان فرانسىسكودىكى «Lookout» دېگەن تور بىخەتەرلىك شىركىتىنىڭ 10 ـ نويابىر ئېلان قىلغان دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2018 ـ يىلدىن باشلاپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى كۆپلىگەن ئەندروييد ئەپلىرى خىتاي دائىرىلىرىغا قاراشلىق خاككېرلارغا ئالاقىدار ئىككى خىل جاسۇسلۇق يۇمشاق دېتالى بىلەن يۇقۇملانغان.

بۇلار لۇغەت، دىنىي ئەپلەر، خەرىتە، ھەتتا WhatsApp نىڭ ئوغرى نەشر نۇسخىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، بۇلار ئەندىرويىدنىڭ ئورگان تەرەپ ئەپ سۇپىسى بولغان «Google Play»دا ئەمەس، بەلكى ئۈچىنچى تەرەپ ئەپ سۇپىلىرىدا ياكى «تېلېگرام» دېتالىدىكى ئۇيغۇرچە قاناللاردا ھەمبەھىرلىنىدىكەن.

مەزكۇر دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، خاككېرلار مەزكۇر جاسۇسلۇق يۇمشاق دېتاللىرى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئورنى، ئالاقىلەشكەن ئادەملىرى، تېلېفون سۆزلىشىش خاتىرىسى، قىسقا ئۇچۇر ۋە تېلېفوندا ساقلانغان ھۆججەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سەزگۈر سانلىق مەلۇماتلارنى توپلىيالايدىكەن، ھەتتا يانفوننىڭ كامېراسى ئارقىلىق سۈرەتكە تارتالايدىكەن ۋە تېلېفون سۆزلىشىش جەريانىنى ئاۋازغا ئالالايدىكەن.

تەتقىقاتچىلار بۇ ئەپلەرنىڭ خىتاي دائىرىلىرى ئىلگىرى سۈرگەن ئاتالمىش «دىنىي ئاشقۇنلۇق» ياكى «بۆلگۈنچىلىك» قىلمىشلىرىنىڭ «ئىسپاتلىرى»نى تېپىشقا ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇمكىنلىكىنى بىلدۈرگەن.

دوكلاتتا يەنە مۇنداق دېيىلگەن: «بۇ جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرى ئاساسلىقى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى نىشان قىلىغاندەك قىلىدۇ. ئەمما، بىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىرتىدىكى مۇسۇلمانلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭمۇ نىشان قىلىنغانلىقىغا ئائىت پاكىتلارنى بايقىدۇق. بىز تەھلىل قىلغان بىر قانچە ئەپ تۈركىيە ۋە ئافغانىستان قاتارلىق مۇسۇلمانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان دۆلەتلەرنىڭ يەرلىك خەرىتە ئەپلىرى سىياقىغا كىرىۋالغان.»

## گېرمانىيەدىكى سەككىز چوڭ شىركەتنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارلىرى ھۆكۈمەتنى خىتاي بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى زىنھار قولدىن بەرمەسلىككە ئۈندىدى

«abcnews» تورىنىڭ 11 ـ نويابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، گېرمانىيە خىتاي بىلەن بولغان كەلگۈسى سودا ۋە سىياسىي مۇناسىۋەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ھەلەكچىلىكىدە يۈرگەندە، سەككىز چوڭ شىركەتنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى 10 ـ نويابىر «فرانكفورت كۇندىلىك گېزىتى»دە بىرلەشمە ماقالە ئېلان قىلغان. بۇ شىركەتلەر سانائەت گۇرۇھى سىمېنس (Siemens)، خىمىيەلىك بۇيۇم ئىشلەپچىقىرىدىغان باسف (BASF)، تېخنىكا شىركىتى بوش (Bosch)، ماشىنا زاپچاسلىرى شىركىتى شافلېر (Schaeffler) ۋە ھامبۇرگ پورتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇلار مۇنۇلارنى بىلدۈرگەن: گېرمانىيە شىركەتلىرىنىڭ خىتاي ۋە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى زاۋۇتلىرى ئۇلارنىڭ رىقابەت كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى، شۇنداقلا خىتاي دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ ۋە ھاياتىي كۈچكە تولغان بازارغا ئايلاندى. «شۇڭا بىزنىڭ خىتايدىكى مەۋجۇتلۇقىمىز گېرمانىيەنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.»

ئۇلار خىتاي بازىردىكى يوشۇرۇن كۆچىنىڭ كۆلەمنى تېخىمۇ تېز كېڭەيتىش ۋە باشقا بازارلاردا تېخىمۇ زور ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرۈش پۇرستى بىلەن تەمىنلەپ، گېرمانىيەدىكى ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرستىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغانلىقنى ئىلگىرى سۈرگەن.

ئۇلار يەنە خىتاينىڭ كۆنسېرى چەكتىن ئېشىۋاتقان قىلمىشلىرى ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى تۆپەيلى، «گېرمانىيە بۇگۈن خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى رىقابەت، ھەمكارلىق ۋە سىستېمىلىق رىقابەتتىن ئىبارەت ئۈچ قاتلامدا تېخىمۇ ئىنچىكە تەبىرلىشى كېرەك» دېگەن ۋە نۆۋەتتىكى ئامىمۋى مۇلاھىزىلەردە، «بىز ئىشلىتىلگەن تىل ۋە كونكرېت تەدبىرلەردە، تامامەن دېگۈدەك سىستېمىلىق رىقابەتنىڭ تەكىتلەنگەنلىكىنى ھېس قىلىۋاتىمىز» دېيىش ئارقىلىق، خىتاي بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى قولدىن بېرىشكە بولمايدىغانلىقنى تەكىتلىگەن.

## خىتايدا تاجىسمان ۋىرۇس يۇقۇمدارلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، يۇقۇمغا قارشى چەكلىمىلەر تېخىمۇ كۈچەيتىلدى

«arabnews» تورىنىڭ 12 ـ نويابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتايدا تاجىسمان ۋىرۇستىن يۇقۇملانغانلارنىڭ سانى قايتىدىن كۆپەيگەنلىكى ئۈچۈن، خىتاينىڭ گۇاڭجوۋ شەھىرىدىكى 1.8 مىليون نوپۇسى بار بىر رايوندىكى پۈتكۈل كىشىلەرنىڭ 12 ـ نويابىر ئۆيىدە ئولتۇرۇپ ۋىرۇس تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلىشى تەلەپ قىلىنغان، شۇنداقلا خىتاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى يەنە بىر چوڭ شەھەردىكى مەكتەپلەر تاقالغان.

خىتاينىڭ دۆلەتلىك سەھىيە كومىتېتىغا كۆرە، ئۆتكەن بىر سوتكا ئىچىدە، مەملىكەت مىقياسىدا جەمئىي 11773 كىشى ۋىرۇستىن يۇقۇملانغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 10351 كىشىدە كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن. گەرچە بۇ سان ئاز بولسىمۇ، ئەمما ئۆتكەن بىر ھەپتە ئىچىدىكى ئېشىش يۈزلىنىشى ھەر بىر يۇقۇملانغۇچىنى ئايرىپ داۋالايدىغان «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» ئىستراتېگىيەسىگە خىرس ئەكەلگەن.

11 ـ نويابىر ئېلان قىلىنغان ۋىرۇسقا قارشى تۇرۇش تەدبىرلىرىنىڭ ئۆزگەرتىلگەن نۇسخىسىغا كۆرە، خىتاي دائىرىلىرى چىقىم ۋە دەخلىنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن، خىتايغا كەلگەن چەتئەللىك ساياھەتچىلەرنىڭ كارانتىن مۇددىتى يەتتە كۈندىن بەش كۈنگە قىسقارتقانىدى. ئەمما خىتاي كومپارتىيەسى باشقا دۆلەتلەر ساياھەت ۋە باشقا جەھەتلەردىكى چەكلىمىلەرنى بوشاشتۇرۇپ، «ۋىرۇس بىلەن تەڭ ياشاش»نىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشقا ئۆرۈنغان تەقدىردىمۇ، «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش»تە چىڭ تۇرىدىغانلىقنى بىلدۈرگەن.

**ياپونىيە باش ۋەزىرى خىتايىنى ياپونىيەنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلدى دەپ ئەيىبلىدى**

«رويتېرس ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 13 ـ نويابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ياپونىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتىدا بىلدۈرۈلۈشىچە، شۇ كۈنى ياپونىيە باش ۋەزىرى فۇمىيو كىشىدو كامبودژادا ئۆتكۈزۈلگەن شەرقىي ئاسىيا ئەللىرى باشلىقلار يىغىنىدا، ئاسىيا ئەللىرىنىڭ رەھبەرلىرىگە خىتابەن خىتاينىڭ ياپونىيەنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا داۋاملىق تۇردە ۋە بارغانسېرى ئېغىر رەۋىشتە دەخلى ـ تەرۇز قىلىۋاتقانلىقىنى ھەمدە رايوندىكى جىددىيلىكنى كۈچەيتىۋەتكەنلىكىنى؛ تەيۋەن بوغۇزىنىڭ تىنچلىقىغا ۋە مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ رايون بىخەتەرلىكى ئۈچۈن مۇھىملىقىنى ھەمدە ئۈرۈمچىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا «قاتتىق كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى»نى ئوتتۇرىغا قويغان.

مەزكۇر باياناتتا كۆرسىتىلىشىچە، كىشىدا يىغىن ئەھلىگە مۇنداق دېگەن: «خىتاينىڭ شەرقىي خىتاي دېڭىزىدا ياپونىيەنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش قىلمىشلىرى داۋاملىق كۈچىيىۋاتىدۇ. خىتاي يەنە جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدا رايوندىكى جىددىيلىكنى ئەدىتىۋېتىدىغان قىلمىشلارنىمۇ داۋاملاشتۇرماقتا».

**ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى تېزدىن تەيۋەننى قورallاندۇرۇش ھەققىدە كاللا قاتۇرماقتا**

«فوكس خەۋەرلىرى» تورىنىڭ 14 ـ نويابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى خىتاينىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تەيۋەنگە نەچچە مىليارد دوللارلىق قورال ـ ياراغ ئەۋەتىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

«ۋاشىڭتون پوچتىسى» گېزىتىنىڭ خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، دۆلەت مەجلىسىدىكى ھەر ئىككى پارتىيەنىڭ رەھبەرلىرى ئۇكرائىنادىكى پاجىئەنىڭ تەيۋەندە تەكرارلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، تەيۋەن ئارمىيەسىنى ئالدىن قوراللاندۇرۇش ھەققىدە كاللا قاتۇرماقتا ئىكەن. بۇ پىلان پرېزىدېنت جوۋ بايدېن 14 ـ نويابىر بالى ئارىلىدا خىتاي رەھبىرى شى جىنپىڭ بىلەن تۇنجى قېتىم پرېزىدېنتلىق سۈپىتىدە يۈزتۇرانە سۆھبەتلەشكەن كۈنى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

دۆلەت مەجلىسىنىڭ بۇ پىلانى ئەمەلىيلەشسە، ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەيۋەنگە پاراخوتقا قارشى چارلىغۇچى باشقۇرۇلىدىغان بومبا، ھاۋا مۇداپىئە سىستېمىسى، ئۆز ـ ئۆزىنى پارتلىتىدىغان ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان، سۇ مىناسى، قوماندانلىق ۋە كونترول سىستېمىسى ۋە بىخەتەرلىك رادىيوسى قاتارلىقلارنى بېرىدىكەن.

**گېرمانىيە خىتاي بىلەن ئېھتىيات ئاساسىدا ھەمكارلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى**

«cnbc» تورىنىڭ 14 ـ نويابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، مۇشۇ ئاينىڭ بېشىدا گېرمانىيەنىڭ باش مىنىستىرى ئولاف شولىز خىتاينى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، گېرمانىيەنىڭ خىتاي بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ئالاقىنى كۆچەيتىدىغانلىقى توغرىسىدىكى پەرەزلەر ئوتتۇرىغا چىققاندى.

بۇ ھەقتە، گېرمانىيەنىڭ ئىقتىساد مىنىستىرى ۋە مۇئاۋىن باش مىنىستىرى روبېرت خابېك گېرمانىيەنىڭ خىتاي بىلەن بولغان ئالاقىنى كۆچەيتىشنى خالايدىغانلىقىنى، ئەمما ھەر قانداق مەبلەغنىڭ قەيەرگە ئىشلىتىلىۋاتقانلىقىغا قارىتا ئېھتىياتچان بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ: «گېرمانىيە ئوچۇق بازار، لېكىن بۇ بىزنىڭ دۆت بولساق بولىدىغانلىقىمىزدىن دېرەك بەرمەيدۇ، بىز ئېھتىياتچان بولۇشىمىز كېرەك» دېگەن.

ئۇ يەنە قايسى ساھەلەردە خىتاي بىلەن تېخىمۇ قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا بولىدىغانلىقىنى ۋە قايسى ساھەلەرنىڭ بۇنداق قىلىشقا بولمايدىغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ، گېرمانىيەنىڭ داۋالاش مۇلازىمىتىنىڭ بىر قىسمى، يېرىم ئۆتكۈزگۈچ، تېلېگراف، ئېنېرگىيە ۋە ھامبۇرگ پورتىغا ئوخشاش ھالقىلىق ئۇل مۇئەسسەسە قاتارلىق بەزى ساھەلەرنىڭ خىتايغا «سېتىلمايدىغانلىقىنى» ئېيتقان.

## شى جىنپىڭ كانادا باش مىنىستىرى ترۇدونى ئەيىبلىدى

«theglobeandmail» تورىنىڭ 15 ـ نويابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، يىگىرمە دۆلەت باشلىقلىرى ئۇچرىشىشىغا قاتناشقان كانادا باش مىنىستىرى جاستىن ترۇدو شۇ كۈنى يىغىن ئارىلىقىدا خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ بىلەن بىرەسمىي پاراڭلىشىپ، خىتاي ساقچىلىرىنىڭ كانادادا پائالىيەت قىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر سەۋەبلىك، خىتاينىڭ كانادانىڭ ئىشلىرىغا مۇداخىلە قىلىشىغا بولغان ئەندىشىسىنى كۆلۈمسىرىگەن ھالدا ئوتتۇرىغا قويغان.

لېكىن، شى جىنپىڭ تەرىنى تۈرۈپ، ترۇدونىڭ ئالدىنقى كۈندىكى ئىككى تەرەپ ئۇچرىشىشىنىڭ مەزمۇنىنى ئاخباراتچىلارغا ئاشكارىلىۋەتكەنلىكىنى ئەيىبلەپ، «سۆھبىتىمىزنىڭ يىپىدىن ـ يىڭنىسىگىچە گېزىتكە ئاشكارىلىنىپتۇ، بۇنداق بولسا قاملاشمايدۇ ـ دە» دېگەن ھەمدە سۆھبەتتىن نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن «سەمىمىي» بولۇش كېرەكلىكى ھەققىدە چاقىرىق قىلغاندىن كېيىن، «ئۇنداق بولمايدىكەن، نەتىجىسىگە بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ» دەپ تەھدىت سالغان.

## ئامېرىكا جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىكىلەر بايدىننىڭ شى جىنپىڭغا تۇتقان مۇئامىلىسىنى تەنقىدلىدى

«ئامېرىكا ئاۋازى» تورىنىڭ 16 ـ نويابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدىكى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى ئەزالىرى پرېزىدېنت جوۋ بايدىننى ھىندونېزىيەدە خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ بىلەن ئۈچ سائەتلىك يىغىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، خىتاي بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا «يېڭى سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق» دېگەنلىكىنى ئەيىبلىدى.

ئاركانزاس شتاتىنىڭ جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىن بولغان كېڭەش پالاتاسى ئەزاسى توم كوتىن تۆتىپىردا: «جوۋ بايدېن يەنە بىر قېتىم خىتاي ئامېرىكاغا قارشى قوزغىغان سوغۇقچىلىق ئۇرۇشىنى ھەل قىلىشتىن ئاجىز كەلدى، ھەتتا ئۇنى ئاشكارا تىلغىمۇ ئالالمىدى. ئۇنىڭ ساددىلارچە تەسكىن تاپقۇزۇش سىياستىگە قايتىشى ئامېرىكانى زىيانغا، تەيۋەننى خەتەرگە ئۇچرىتىپ، شى جىنپىڭنىڭ خورىكىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈۋېتىدۇ.»

بايدىن مەزكۇر ئۇچرىشىشتا يەنە خىتاينىڭ تەيۋەن بوغۇزىدىكى ھەربىي ھەرىكەتلىرىنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقانلىقىغا قارىماستىن، «مېنىڭچە خىتاي ھازىرچە تەيۋەنگە تاجاۋۇز قىلىشقا ئۇرۇنمايدۇ» دېگەن.

مەزكۇر ئۇچرىشىشتىن ئىلگىرى تەيۋەن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋۇ جاۋشيې «ئامېرىكا ئاۋازى» رادىيوسىغا: «ئەگەر ئامېرىكانىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرى، پرېزىدېنتى ياكى مۇئاۋىن پرېزىدېنتى تەيۋەن بوغۇزىنىڭ تىنچلىقى ۋە مۇقىملىقى ياكى خىتاينىڭ مەۋجۇت ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى ئەندىشىلەرنى تۆگىتىش ئۈچۈن خىتاي رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەتلەشسە، بۇ رايون تىنچلىقى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق بولغان بولاتتى» دېگەن.

<u>ب د ت كومىتېتى خىتاينى شەرقىي تۈركىستاندىكى مەھبۇسلار ھەققىدە چاقىرىق قىلدى</u>

«رويتېرس ئاگېنتلىقى»نىڭ 24 ـ نويابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بىر كومىتېتى شۇ كۈنى خىتاينى شەرقىي تۈركىستاندىكى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان كىشىلەرنى قويۇپ بېرىشكە چاقىرغان ۋە خىتاينىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنى «داۋالاش ۋە تۆلەم» بىلەن تەمىنلىشىنى تەۋسىيە قىلغان.

ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ سابىق ئالىي كومىسسارى مىشېل باچېلېت 8 ـ ئايدا شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار دوكلات ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمانلارغا قىلغان زىيانكەشلىكلىرىنىڭ «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» شەكىللەندۈرۈشى مۇمكىنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئەمدىلىكتە بۇ كومىتېتنىڭ مەزكۇر باياناتنى ئېلان قىلىشى خىتايغا بولغان بېسىمنى يەنە بىر بالداق كۈچەيتىدىكەن.

خىتاينىڭ جەنۋەدىكى دىپلوماتىك ئۆمىكىنىڭ باياناتچىسى ليۇ يۈيىن خىتاينىڭ ب د ت كومىتېتىنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، مەزكۇر كومىتېتنى «غەرب دۆلەتلىرى ۋە خىتايغا قارشى بۆلگۈنچى كۈچلەر توقۇپ چىققان يالغان ئۇچۇرلارنى ئاساس قىلىپ، خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتىگە قارا سۇۋىدى ۋە تۆھمەت قىلدى» دەپ ئەيىبلىگەن.

ئىگىلىنىشىچە، 18 كىشىلىك بۇ كومىتېت ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ 1965 ـ يىلىدىكى «خەلقئارا ئىرقىي كەمسىتىشكە قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى»غا ئەمەل قىلىش ئەھۋالىنى قەرەللىك كۆزىتىپ تۇرىدىغان بولۇپ، خىتاي ۋە باشقا 180 دۆلەت بۇ ئەھدىنامىغا قول قويغان ئىكەن.

مەزكۇر كومىتېت يەنە ئۆزىنىڭ بۇ تەۋسىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىغا «شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتىنىڭ ياخشىلانمىغانلىقى» سەۋەب بولغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ھۆججەتتە يەنە خىتاينىڭ «دۆلەت بىخەتەرلىكى، تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە (شەرقىي تۈركىستان)دىكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقىنى باشقۇرىدىغان قانۇن رامكىسىنى ئەتراپلىق كۆزدىن كەچۈرۈپ»، مەزكۇر ئەھدىنامىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى تەلەپ قىلىنغان.

## ئۈرۈمچىدىكى پاجىئە دۇنيانى تىترەتتى

«BBC»تورىنىڭ 25-نويابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، 24-نويابىر ئۈرۈمچى ۋاقتى 19:50 ئەتراپىدا، شەرقىي تۈركىستانىنىڭ مەركىزىي شەھرى ئۈرۈمچىدىكى چوڭ بازارغا يېقىن جايدىكى «جىشياڭيۈەن» ئولتۇراق رايونىدىكى بىر بىنانىڭ 15-قەۋىتىگە ئوت كەتكەن ۋە ئوت شىددەت بىلەن يامراپ، 19-قەۋەتكىچە تۇتاشقان. خىتاي دائىرىلىرى «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» باھانىسىدە بۇ ۋە باشقا بىنالارنىڭ، ھەتتا ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرىنى ئاچقىلى بولماس قىلىپ كەپشەرلىۋەتكەن بولغاچقا، ئوت كەتكەن ئۆيلەردىكى ئۇيغۇرلار ئۆيدىن قېچىپ چىقىشقىمۇ ئامال تاپالماي ھاياتىدىن ئايرىلغان.

خىتاي دائىرىلىرى بۇ ئېچىنىشلىق ئاپەتتە ئون كىشىنىڭ ھاياتىدىن ئايرىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، يەرلىك كىشىلەر تەرىپىدىن تورغا يوللانغان ئۇچۇرلارغا كۆرە ھاياتىدىن ئايرىلغانلارنىڭ بۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئىكەنلىكى مۆلچەرلەنمەكتە.

خىتاي تاراتقۇلىرىغا كۆرە، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوت ئۆچۈرۈش خادىملىرى نەق مەيدانغا يېتىپ بېرىپ ئۈچ سائەتتە ئاندىن بۇ ئوتنى ئۆچۈرەلىگەن. ھالبۇكى، ئەھۋالدىن خەۋەردار كىشىلەر بۇنىڭ ئوتنىڭ زىيادە كۈچلۈكلىكىدىن بولماستىن، ئولتۇراق رايون ئىچىدىكى تاجىسمان ۋىرۇس ۋاباسىغا قارشى قاتمۇقات توسۇقلار تۈپەيلى ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىلىرىنىڭ ئوت كەتكەن بىناغا يېقىنلىشالمىغانلىقىدىن بولغانلىقىنى بىلدۈرۈشكەن.

* ۋەتەندىكى قېرىنداشلارنىڭ ئوتتا كۆيۈپ ھاياتىدىن ئايرىلىش پاجىئەسى ۋەتەن ئىچى سىرتىدىكى خەلقىمىزنى ئېغىر قايغۇغا سالغان ۋە دەرغەزەپ قىلغان بولۇپ، چەتئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر جامائىتى خىتاينىڭ بۇ جىنايىتىگە قارشى تېزدىن ئىنكاس قايتۇرۇپ، تۈركىيە، ئاۋسترالىيە، گوللاندىيە ۋە ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە خىتايغا قارشى نارازىلىق نامايىشى قىلغان. نامايىشقا قاتناشقا ئۇيغۇرلار ئوتتا كۆيۈپ ۋاپات تاپقان قېرىنداشلارغا قارشى تەزىيە بىلدۈرگەن، شۇنداقلا خىتايغا قارشى لەنەت ۋە نەپرەت ياغدۇرغان.

* ئۈرۈمچىدىكى بۇ پاجىئە دۇنيادىكى بارچە چوڭ مېدىيالاردا دەل ۋاقتىدا خەۋەر قىلىنغان بولۇپ، دۇنيا جامائەتچىلىكى بۇ پاجىئەگە قارىتا ئېچىنىشنى ۋە تەزىيەسىنى ئىپادىلىگەن، تەيۋەن خەلقىنى بۇ پاجىئەگە مەخسۇس تەزىيە بىلدۈرگەن.

## قامالغا قارشى نامايىشلاردىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاندىكى بەزى چەكلىمىلەر بوشىتىلدى

«ئامېرىكا ئاۋازى» تورىنىڭ 26-نويابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئون كىشىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان پاجىئەلىك ئوت ئاپىتى يۈز بەرگەندىن كېيىن، مەزكۇر شەھەر ئاھالىلىرى «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» باھانىسىدە ئۈچ ئايدىن كۆپرەك داۋاملاشقان قامالغا قارشى كېچىدە نامايىش ئۆتكۈزگەن ۋە توردىكى نارازىلىق سادالىرىمۇ ئەۋجىگە چىققان. شۇنىڭ ئارقىدىنلا، يەنى 26-نويابىر شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي دائىرىلىرى ئۈرۈمچىدىكى بىر قىسىم ئولتۇراق رايونلاردىكى قامالنى بىكار قىلغان.

لېكىن، خىتاي ئەمەلدارلىرى مەزكۇر ۋەقەگە ئالاقىدار ئەيىبلەشلەرنى ئىنكار قىلىپ، بىنا ۋە ئۆيلەرنىڭ ئىشىكىنىڭ ئېتىۋېتىلمىگەنلىكىنى، ئاھالىلەرنىڭ بىنادىن چىقىشىغا رۇخسەت قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ساقچىلارمۇ نارازىلىق سادالىرىنى باستۇرۇپ، 24 ياشلىق بىر قىزنى مەزكۇر ۋەقەدە قازا قىلغانلارنىڭ سانى توغرىسىدا توردا «يالغان ئۇچۇر» تارقاتقانلىقى ئۈچۈن قولغا ئالغانلىقىنى ئېلان قىلغان.

## خىتاي خەلقى قوزغالدى، خىتاي ھاكىمىيىتى ساراسىمىگە چۈشتى

ئۆز خەۋىرىمىز:

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ۋىرۇس باھانىسى بىلەن پۈتكۈل خىتاي ئۆلكىلىرىنى قاتتىق قامال قىلىش، پۇقرالارنى خالىغانچە تۇتۇپ سولاش، ساقچىلارنىڭ ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خەلققە خالىغانچە زومىگەرلىك قىلىش سىياسىتى سەۋەبلىك، ئۆز ھۆكۈمىتىنىڭ زۇلۇمىغا چىدىمىغان خىتاي خەلقى شەھەر شەھەرلەردە ھۆكۈمەتكە قارشى نارازىلىق نامايىشلىرىنى باشلىدى. خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغالغان نارازىلىق نامايىشلىرىدا شاڭخەي خەلقىنىڭ نامايىشى ئەڭ كۈچلۈك ۋە جەڭگىۋار بولغان بولۇپ، شاڭخەي ئاھالىسى 26-نويابىر كۈنى شاڭخەيدىكى ئۈرۈمچى ئوتتۇرا يولىغا يىغىلىپ «شى جىنپىڭ تەختتىن چۈش، كوممۇنىستىك پارتىيە ھاكىمىيەتنى بوشات» دەپ شوئار توۋلىدى. شاڭخەيدىكى نامايىشتا نامايىشچى ئاما ساقچىلارنىڭ ۋىجدانىغا سوئال قويۇپ، ساقچىلارنى ئۆزى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇشقا چاقىرغان ئەھۋاللارمۇ يۈز بەردى. شاڭخەيلىك نامايىشچىلار «بىزگە دىكتاتور كېرەك ئەمەس، دېموكراتىيە كېرەك»، «بىزگە قۇللۇق كېرەك ئەمەس، ئەركىن پۇقرالىق كېرەك» دەپ چۇقان سالدى. خىتاي ساقچىلىرى نامايىشچىلارنىڭ بىر قىسمىنى تۇتۇپ سولىغان بولسىمۇ، خەلقنى باش ئەگدۈرەلمىدى. مۇناسىۋەتلىك سىن كۆرۈنۈشلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، نامايىش بولغان كوچىغا يېقىن يەرگە ئورنىتىلغان يۈك ماشىنىسىدا بىرونېۋىكلار توشۇپ كېلىنگەن. شاڭخەي شەھىرى ئۈرۈمچى ئوتتۇرا يولىنىڭ پىلاكاتى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن سۆكۈۋېتىلگەن. تىۋىتتېردىكى مۇناسىۋەتلىك نەق مەيدان كۆرۈنۈشلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، شاڭخەيدىكى بۇ نامايىش شاڭخەينىڭ باشقا رايونلىرىغىمۇ كېڭەيگەن.

شۇنداقلا، چەكخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ۋە شىئەن قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مىڭلىغان ئوقۇغۇچىلىرىمۇ خىتايغا قارشى نارازىلىقنى ئىپادىلەپ «دېموكراتىك قانۇن تۈزۈم بويىچە ئىدارە قىلىنىشنى تەلەپ قىلىمىز، سۆز ئەركىنلىكى تەلەپ قىلىمىز» دېگەندەك شوئارلارنى توۋلىغان. بېيجىڭ شەھىرى ئاھالىسى كوچىلارغا چىقىپ تىنىچلىق نامايىشى ئۆتكۈزۈپ، خىتاي ھۆكۈمىتىدىن ئەركىنلىك تەلەپ قىلغان. چۇڭچىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن نامايىشتا «قۇللۇقتىن ئۆلۈم ئەلا» دەپ شوئار توۋلانغان.

تۆتىنچى قاتارلىق سۈپىلاردا تارقالغان نەق مەيدان كۆرۈنۈشلىرىگە قارىغاندا، خىتاي ساقچىلىرى نامايىشنى قاتتىق باستۇرۇشقا ئۆتكەنلىكى مەلۇم بولماقتا.

بۇ نامايىش ئۆتى چەتئەللەرگىمۇ تۇتاشقان بولۇپ، ئەنگلىيەدە ياشاۋاتقان خىتايلاردىن نەچچە يۈزى ئەنگلىيەنىڭ لوندون شەھرىدىكى خىتاي كونسۇلخانىسى ئالدىدا «شى جىنپىڭ، تەختتىن چۈش» دېگەندەك شوئارلارنى توۋلاپ، خىتايغا قارشى نارازىلىقنى ئىپادىلىگەن.

## تۈركىيە خىتاي دائىرىلىرىدىن ئۈرۈمچىدىكى ئوت ئاپىتى توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىشنى تەلەپ قىلدى

تۈركىيەدىكى «يېڭى شەپەق» تورىنىڭ 27-نويابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ئۈرۈمچىدىكى ئوت ئاپىتىگە ئالاقىدار يازما باياناتىدا، ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن ئوت ئاپىتىدە كىشىلەرنىڭ ھاياتىدىن ئايرىلغانلىقى ۋە يارىلانغانلىقىدىن چوڭقۇر قايغۇ ئىلكىدە خەۋەر تاپقانلىقىنى بىلدۈرگەن. باياناتتا، تۈركىيەنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق ۋەقەگە تەزيە بىلدۈرىدىغانلىقى بىلدۈرۈلۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يارىلانغانلارنىڭ تېزرەك ئەسلىگە كېلىشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈرۈلگەن.

باياناتتا يەنە: «ئوت ئاپىتىنىڭ سەۋەبىنىڭ جامائەتچىلىككە بىلدۈرۈلۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز» دېيىلگەن.

دىپلوماتىك مەنبەلەر تەمىنلىگەن ئۇچۇردا: «خىتاي دائىرىلىرىدىن ئوت ئاپىتىنىڭ سەۋەبى ھەققىدە چۈشەنچە تەلەپ قىلىندى» دېيىلگەن.

## كانادا خىتايغا قارشى مۇداپىئەنى كۈچەيتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى

«رويتېرس ئاگېنتلىقى»تورىنىڭ 27-نويابىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، كانادا يەكشەنبە كۈنى ئۆزىنىڭ «ھىندى-تىنچ ئوكيان ئىستراتېگىيەسى»نى ئېلان قىلغان بولۇپ، مەزكۇر ئىستراتېگىيەگە بىنائەن، كانادا بۇ رايوننىڭ ھەربىي ۋە تور بىخەتەرلىكىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئىككى مىليارد 300 مىليون كانادا دوللىرى (1 مىليارد 700 مىليون ئامېرىكا دوللىرى) سەرپ قىلىپ، «بۆزغۇنچى» خىتايغا تاقابىل تۇرىدىغان ھەمدە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كىلىمات ئۆزگىرىشى ۋە سودا مەسىلىسىدە خىتاي بىلەن داۋاملىق ھەمكارلىشىدىكەن.

**كانادانىڭ بۇ پىلانى 26 بەتلىك ھۆججەتتە تەپسىلىي بايان قىلىنغان بولۇپ، مەزكۇر ھۆججەتتە كۆرسىتىلىشىچە، كانادا ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن ۋە ختاي دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ھالقىلىق كان مەھسۇلاتلىرى تەمىناتىنى ئىگىلىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، چەتئەل مەبلەغلىرىگە قارىتىلغان بەلگىلىمىلەرنى كۈچەيتىدىكەن.**

**تۆت نەپەر ئىچكى كابىنېت مىنىستىرى ۋانكوۋېردا ئۆتكۈزۈلگەن ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا مەزكۇر يېڭى پىلاننى تۆۋەت بىلەن تونۇشتۇرۇپ، بۇ ئىستراتېگىيەنىڭ كانادانىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى ھەمدە كىلىمات ۋە ئىقتىسادىي نىشانى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىملىقىنى بىلدۈرگەن.**

**ھالبۇكى، مەزكۇر ئىستراتېگىيە نوقۇل ختاينىلا نىشانلىغان بولماستىن، باش مىنىستىر جاستىن ترۇدونىڭ رەھبەرلىكىدىكى لىبېرال ھۆكۈمەت كانادانىڭ ئامېرىكاغا زىيادە تايىنىپ قالغان سودا ۋە ئىقتىساد تورىنى كۆپ خىللاشتۇرۇشنىڭ كويىدا ئىكەن. 9 ـ ئايدىكى رەسمىي سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، ختاي بىلەن بولغان ئىككى تەرەپلىك سودا كانادانىڭ ئومۇمىي سودا سوممىسىنىڭ يەتتە پىرسەنتىگىمۇ يەتمەيدىكەن، لېكىن ئامېرىكانىڭ بۇ جەھەتتە ئىگىلەيدىغان نىسبىتى 68 پىرسەنت ئىكەن.**

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى



## نۇرەددىن يىلدىز

ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ۋىجدان ساداسى چىقارغان ساناقلىق تۈرك -ئىسلام ئالىملىرىدىن
نۇرەددىن يىلدىز ئۇستاز


ئۇيغۇرلار
The Uyghurs
ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى
The Magazine of the Uyghur Culture and Survival
ئۇيغۇرلار 20-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئىككى قېتىم جۇمھۇرىيەت قۇرغان زامانىۋى مىللەت.